شەفىيقۇررەھمان نەدۋىي

ھەنەفىي مەزھەب بويىچە تۈزۈلگەن

(2)

# ناماز

نەشرگە تەييارلىغۇچى:
مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت

رۇخسەتسىز بېسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ

# سوغات

قەدىرلىك..............................! مەن سىزنىڭ بۇ كىتاب ئارقىلىق ئاللاھقا قانداق ئىبادەت قىلىشنى ئۆگىنىپ، ياخشى، تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇشىڭىزنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

سىزگە ئىككى دۇنيالىق بەخت تىلەپ: .............................

# ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن: ناماز

# ÇOCUKLAR İÇİN: NAMAZ


| | |
|---|---|
| Hazırlayan:<br>**Muhammed Bişaret** | نەشرگە تەييارلىغۇچى:<br>**مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت** |
| Editör:<br>**Habibullah Kurbani** | تەھرىر ۋە كوررېكتور:<br>**ھەبىبۇللاھ مەتقۇربان** |
| Son okuma:<br>**Karahanlılar İslam Araştırma Grubu** | كۆزدىن كەچۈرگۈچىلەر:<br>**قاراخانىيلار ئىسلام تەتقىقات گۇرۇپپىسى** |
| Yayına Hazırlayan:<br>**Karahanlılar İslam Araştırma Merkezi** | نەشر قىلغۇچى ئورۇن:<br>**قاراخانىيلار ئىسلام تەتقىقات مەركىزى** |
| Sayfa Tasarımı:<br>**İrfan** | بەت لايىھەلىگۈچى:<br>**ئىرفان** |

ISBN: 978-625-96234-2-9

Yayın Adresi: Maltepe Mah. Davutpaşa cad. Güven İş Merkezi
C Blok No: 83 / 3 İç Kapı No: 264 Zeytinburnu İstanbul

2026 - يىلى 3 - ئاي، 1 - نەشرى



مەزكۇر ئەسەرنىڭ بارلىق ھوقۇقى قاراخانىيلار ئىسلام تەتقىقات مەركىزىگە تەۋە، رۇخسەتسىز بېسىپ تارقىتىشقا يول قويۇلمايدۇ. karahanilarbiz@gmail.com



Karahanlılar İslam Araştırma Merkezi

قاراخانىيلار ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# كىرىش سۆز

جىمى ھەمدۇسانا ئىنسانلارنى ۋە بارلىق مەخلۇقاتلارنى ياراتقان، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى جاھالەت زۇلمەتلىرىنى ئىلىم بىلەن نۇرلاندۇرغان، ئۇلارغا ئۆز ئارىسىدىن پەيغەمبەر ئەۋەتىش ئارقىلىق ھەق بىلەن ناھەقنى، توغرا بىلەن خاتانى، ھالال بىلەن ھارامنى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى قۇياشتەك روشەن بايان قىلىپ بەرگەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىستىن ئىبارەت ئىككى مۇقەددەس ۋەھيىنىڭ ئىگىسى، ئالەملەرگە رەھمەت، ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولسۇن.

فىقھ ئىلمى ئاللاھ تائالاغا قانداق ئىبادەت قىلىشنى، شەرىئەتنىڭ تۆرلۈك ساھەدىكى ھالال، ھارام، پەرز، ۋاجىب، سۈننەت، مۇستەھەب، مەكرۇھ، مۇباھ قاتارلىق ئەھكاملىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتائەتمەن بەندىلەردىن بولۇپ، ئاللاھقا يېقىنلىشىشى ۋە ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ۋەسىلە بولىدىغان شەرەپلىك ئىلىمدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا كىمگە ياخشىلىق قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا فەقىھ(ئىسلامنى ياخشى بىلىدىغان) قىلىدۇ»[1].

قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسىنىڭ نۇرى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە تارىختىن بېرى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئۆلىمالىرىنىڭ ساغلام فىقھىي مەزھەبلىرىدىن دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان تۆت مەزھەب، يەنى ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ مەزھىبى، ئىمام شاپىئىي رەھىمەھۇللاھنىڭ مەزھىبى، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھنىڭ مەزھىبى ۋە ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھنىڭ مەزھىبى قاتارلىقلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تۆرلۈك مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق يولىغا نۇر تاشلاپ كەلمەكتە. ئەنە شۇ فىقھىي مەزھەبلىرىنىڭ بىرى بولغان ھەنەفىي مەزھىبمۇ قۇرئان، سۈننەت، ئىجما، قىياس، ئىستىھسان، ئۆرپ ـ ئادەت، ساھابىلەرنىڭ سۆزى ۋە ئىلگىرىكىلەرنىڭ شەرىئىتى

1. «بۇخارىي»، 71 ـ ھەدىس.

قاتارلىقلارنى ھۆكۈم مەنبەسى قىلغان بولۇپ، بۇ مەزھەب ۋەتىنىمىزدىن باشقا يەنە چىن مۇسۇلمانلىرى (تۇڭگانلار)، ئىراق، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان تۈركىيە، سۈرىيە، مىسىر، لىۋان، ئىئوردانىيە، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان، مالايسىيا، ھىندونېزىيە ، پەلەستىن، كاۋكاز، خۇراسان، سىجىستان، تەبەرىستان، دەيلەم، ئەزەربەيجان ۋە ئەرمېنىيە، برازىلىيە قاتارلىق ئىسلام تارقالغان ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلاردىمۇ كەڭ تارقالغان.

ئىسلام جۇغراپىيەسىنىڭ بىر پارچىسى بولغان ئۇيغۇر خەلقىمۇ قاراخانىيلار سۇلتانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ سەپەرۋەرلىكى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان دەسلەپكى چاغلاردىن باشلاپلا ئىبادەت، سودا - سېتىق، دەۋا - دەستۇر، مىراس، نىكاھ، تالاق دېگەندەك تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە (نۇئمان ئىبنى سابىت) رەھىمەھۇللاھ باشچىلىقىدىكى ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسلىنىپ بىر تەرەپ قىلىپ كەلگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ مەزھەب ئۇيغۇر مەدرىسلىرىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ، تارىخىمىزدىكى تۈرلۈك بوران — چاپقۇنلارغا باش ئەگمەي، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۇرمۇش، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئۆرپ — ئادەت ۋە تەپەككۇر دۇنياسى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەلدى.

ۋەتىنىمىزدىكى مەدرىسلەردە قەدىمدىن تارتىپ ئەبۇ ھۈسەين قۇدۇرىينىڭ «مۇختەسەر قۇدۇرىي»، ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ «مۇختەسەر ۋىقايە»، ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مەھبۇبىينىڭ «شەرھى ۋىقايە»، ئەلى ئىبنى ئەبى بەكرى مەرغىينانىينىڭ «ھىدايە» قاتارلىق ھەنەفىي مەزھىبىگە ئائىت مۇھىم كىتابلار دەرسلىك قىلىنىپ كەلگەن بولسا؛ 2000 - يىللاردىن كېيىن، بۇلارغا قوشۇلۇپ مۇھەممەد ئاشىق ئىلاھىينىڭ «تەسھىيل زەرۇرىي»، ئابدۇللاھ ئىبنى مەھمۇد مۇۋسىلىينىڭ «ئەلئىختىيار لىتەئلىيلىل مۇختار» ناملىق كىتابلىرىمۇ دەرسلىك قىلىندى. «ھىدايە»نىڭ شەرھلىرىدىن كامال ئىبنى ھۇمامنىڭ «فەتھۇلقەدىير»، ئىبنى ئابىدىننىڭ «رەددۇلمۇختار» ۋە ئالائىددىن كاسانىينىڭ «بەدائىئۇس سەنائىئ» قاتارلىق كىتابلىرى پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىندى. نەتىجىدە، ھەنەفىي مەزھىبىنى پىششىق بىلىدىغان نۇرغۇن ئۆلىمالار يېتىشىپ چىقتى ۋە بۇ ئەسەرلەر خەلقىمىزنىڭ شەرىئەت سايىسى ئاستىدا ياشىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بولغاچقا، ئۆلىمالار ۋە تالىبلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايتتى ۋە پايدىلىنالمايتتى. شۇ ۋەجىدىن، ئەرەبچە بىلمەيدىغان مۇسۇلمانلىرىمىز يەنىلا ھازىرقى زامان ئۇسلۇبىدا ئىخچام، رەتلىك تۈزۈلگەن بىر ئۇيغۇرچە فىقھ قوللانمىسىغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى.

يېقىنقى زاماندا ئابدۇلھەمىد مەھمۇد تەھمازنىڭ «يېڭى ئۇسلۇبتىكى ھەنەفىي فىقھىسى» ناملىق كىتابىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بولسىمۇ، كىتاب پايدىلىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدىكى چوڭ ھەجىملىك ئەسەر بولغاچقا، يەنىلا ئۆزى ئىخچام، ئاددىي، چۈشىنىشلىك، تىلى يەڭگىل، ياش ئۆسمۈرلەر ۋە ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقۇشى ياكى ئۇيغۇرچە دەرسلىك قىلىشىغا ماس بىر ھەنەفىي فىقھە قوللانمىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ناھايىتى زۆرۈر بولۇپ قالغان ئىدى. ھىندىستانلىق تۆھپىكار ئالىم شەفىقۇررەھمان نەدۋىينىڭ بۇ كىتابى دەل مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى تۈزۈلگەن نادىر بىر ئەسەر ئىكەن. كىتابنى قولۇمغا ئالغاندىن كېيىن، خۇشاللىقىمدىن كۆپ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا تەرجىمە قىلىشقا تۇتۇش قىلدىم. ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە پەزل - ئېھسانى بىلەن كىتابمۇ تەييار بولۇپ، 2023 – يىلى «ئىبادەت ئەھكاملىرى» نامىدا ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ئىدى. ئەمدىلىكتە، بۇ كىتابتىن پايدىلىنىپ، ياش – ئۆسمۈرلەرنىڭ نامازغا مۇناسىۋەتلىك فىقھىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشىگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن تېمىلارنى دەرسلەرگە بۆلۈپ، ھەر دەرسنىڭ كەينىدىن كۆنۈكمە سوئاللىرى بېرىلگەن رەسىملىك بىر كىتاب تۈزۈشكە تۇتۇش قىلدىم. ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن بۇ كىتابمۇ پۈتۈپ قالدى.

**كىتابنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى:**

1. كىتابنىڭ تىلى ئاددىي، چۈشىنىشلىك، جۈملە قۇرۇلمىلىرى يەڭگىل بولۇپ، ياش - ئۆسمۈرلەر ۋە ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ زۆرۈر فىقھە ئەھكاملىرىدىن خەۋەردار بولۇشىغا مۇناسىپ تەرزدە تۈزۈلگەن.

2. كىتابتا مەزھەب ئۆلىمالىرىنىڭمۇ ئىختىلاپلىرى تىلغا ئېلىنماستىن، پەتۋادا ھەنەفىي مەزھىبى بويىچە ئاساسلىنىشقا بولىدىغان، بىرلا كۈچلۈك قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

3. كىتاب ھازىرقى زامان ئۇسلۇبىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، مەزمۇنى ئىخچام، كۆپىنچە مەزمۇنلار رەقەملەندۈرۈلگەن ياكى چېكىت ئىشارىتى قوللىنىلغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزلەشتۈرۈشى، ئەستە ساقلىشى ۋە چۈشىنىشىگە قولايلىق.

4. كىتاب ئارتۇق شەرھ ۋە ئىزاھاتلاردىن خالىي بولۇپ، ئوقۇغانسېرى كىشىگە زوق بېغىشلايدۇ، زېرىكتۈرمەيدۇ.

5. كىتاب ئىبادەتكە ئالاقىدار فىقھىي ئەھكاملارنى تېز سۈرئەتتە ئۆگىنىش مەقسەت قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ياكى ئاۋام مۇسۇلمانلارغا دەرسلىك قىلىنىشقا ئىنتايىن ماس كېلىدۇ.

6. ئوقۇغۇچىلارنى مەشىق قىلدۇرۇش ئارقىلىق فىقھىي بىلىملەرگە پىششۇرۇش ئۈچۈن تېمىلار دەرسلەرگە بۆلۈنۈپ، ھەر دەرسنىڭ كەينىدىن كۆنۈكمە سوئاللىرى بېرىلدى.

ئاخىرىدا، بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈچ چىقارغان قېرىنداشلىرىمىغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىتابنى ئوقۇغان ئەزىز قېرىنداشلىرىمنىڭ سەۋەنلىك ياكى خاتالىقلارنى بايقىغان ھامان دوستانە پىكىر - تەكلىپلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

7. كىتابنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن تېخىمۇ چۈشىنىشلىك ۋە جەلىپ قىلارلىق چىقىشى ئۈچۈن ھەر دەرسكە مۇناسىۋەتلىك رەسىملەر كىرگۈزۈلدى.

ھۆرمەت بىلەن: مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت



ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان

ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

## كۆپ ئۇچرايدىغان فىقھىي ئاتالغۇلار

پەرز: قىلسا ساۋاب بېرىلىدىغان، قىلمىسا جازالىنىدىغان، ئىنكار قىلىش بىلەن كاپىر بولىدىغان ئەمەلدۇر.

پەرز ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار: پەرز ئەين ۋە پەرز كىفايىدۇر.

پەرز ئەين: ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزى بىۋاستە ئورۇنداشقا بۇيرۇلغان پەرزدۇر.

پەرز كىفايە: ئومۇمىي مۇسۇلمانلار بۇيرۇلغان، ئەمما ئارىدىن بەزىسى ئورۇندىسا، باشقىلاردىن ساقىت بولىدىغان پەرزدۇر.

ۋاجىب: قىلسا ساۋاب بېرىلىدىغان، قىلمىسا جازالىنىدىغان، ئىنكار قىلىش بىلەن كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىنمايدىغان ئەمەلدۇر.

سۈننەت: مۇھەددىسلەرنىڭ قارىشىدىكى سۈننەت: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ئىش - پائالىيەتلىرى، ئەمەل - ئىبادەتلىرى ۋە ساھابىلىرىدىن سادىر بولغان ئىشلاردىن ئېتىراپ قىلغانلىرى دېمەكتۇر.

فىقھ ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدىكى سۈننەت: پەرز، ۋاجىب ئەمەللەردىن باشقا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلغان ۋە قىلىشقا تەرغىب قىلغان ئەمەللەردۇر.

سۈننەت «تەكىتلەنگەن سۈننەت» ۋە «تەكىتلەنمىگەن سۈننەت» دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

تەكىتلەنگەن سۈننەت: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلىشقا ئادەتلەنگەن ۋە ئۆزرىسىز تەرك ئەتمىگەن ئەمەلدۇر.

تەكىتلەنمىگەن سۈننەت: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گاھىدا قىلىپ، گاھىدا تەرك ئەتكەن ئەمەلدۇر. تەكىتلەنمىگەن سۈننەت «مۇستەھەب» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

سۈننەتى كىفايە مۇئەككەدە: بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ ئادا قىلىشى بىلەن باشقىلاردىن ساقىت بولىدىغان، ئەمما ئالاھىدە تەكىتلەنگەن سۈننەتتۇر.

مۇستەھەب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەشەببۇس قىلغان ياكى ئۆزى داۋاملىق قىلمىغان، قىلسا ساۋاب بېرىلىدىغان، تەرك ئەتسە گۇناھكار بولمايدىغان پەزىلەتلىك ئەمەلدۇر.

رۇخسەتسىز بېسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ

**هارام:** قىلسا جازالىنىدىغان، قىلمىسا ساۋاب بېرىلىدىغان، هالال دەپ ئېتىقاد قىلىش بىلەن كاپىر بولىدىغان، كەسكىن قىلماسلىق تەلەپ قىلىنغان ئەمەلدۇر.

**مەكرۇھ:** «ياقتۇرۇلمايدىغان ئىش» دېگەنلىك بولۇپ، «مەكرۇھ تەھرىيمى» ۋە «مەكرۇھ تەنزىيھى» دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

**مەكرۇھ تەھرىيمى:** قىلمىسا ساۋاب بېرىلىدىغان، قىلسا جازالىنىدىغان، ئىنكار قىلىش بىلەن كاپىر بولمايدىغان، مۇكەللەپتىن قىلماسلىق تەلەپ قىلىنىدىغان، هارامدىن بىر دەرىجە تۆۋەنرەك ئەمەلدۇر.

**مەكرۇھ تەنزىيھى:** كەسكىن مەنئى قىلىنمىغان، قىلماسلىق ئەۋزەل، قىلسا ساۋاب بېرىلىدىغان ئەمەلدۇر.

**مۇباھ:** قىلىش ياكى قىلماسلىق مۇكەللەپنىڭ ئىختىيارىغا قويۇلغان، قىلسا هېچ گۇناھ ياكى ساۋاب بولمايدىغان ئىشلاردۇر.

**ئەسكەرتىش:** مۇباھ ئىشلارنى ياخشى نىيەت بىلەن ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇپ، ساۋابقا نائىل بولغىلى بولىدۇ.

**جائىز ياكى دۇرۇس:** قىلسا بولىدۇ، كېرەك يوق دېگەنلىكتۇر.



# ناماز ھەققىدە دەرسلەر

1- دەرس

## ناماز ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە



### نامازنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى:

ناماز: «تەكبىر بىلەن باشلىنىپ، سالام بىلەن ئاخىرلىشىدىغان، قىيام، رۇكۇ، سەجدە، تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇش، قىرائەت ۋە مۇئەييەن زىكرىلەردىن تەركىب تاپقان ئىبادەت»نى كۆرسىتىدۇ.

### نامازنىڭ يولغا قويۇلۇشى:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (بەش نامازنى بولۇپمۇ ناماز دىگەرنى مۇھاپىزەت قىلىڭلار (يۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار). ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار[2].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ئۇزىتىۋېتىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنى ‹بىر ئاللاھتىن باشقا ھەققىي ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى› دەپ گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرغىن. ئەگەر ئۇلار بۇنىڭغا ئىتائەت قىلسا، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ھەر كېچە - كۈندۈزدە بەش ۋاقىت نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن...»[3].

### نامازنىڭ تۈرلىرى:

### بىرىنچى، رۇكۇ ۋە سەجدە بولمىغان ناماز:

رۇكۇ ۋە سەجدىسى بولمىغان ناماز مېيىت نامىزىدۇر.

### ئىككىنچى، رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناماز:

**پەرز ناماز.** بۇ ھەر كۈنى ئوقۇلىدىغان بەش ۋاقىت نامازدۇر؛

2. «بەقەرە» سۈرىسى، 238 - ئايەت.
3. «بۇخارىي»، 1458 - ھەدىس.

**ۋاجىب ناماز.** بۇلار ۋىتىر نامىزى، ئىككى ھېيت نامىزى، باشلاپ بولغاندىن كېيىن بۇزۇلۇپ كەتكەن نەفلە نامازلارنىڭ قازاسى، تاۋاپتىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت ناماز قاتارلىقلاردۇر.

**نەفلە ناماز.** بۇ پەرز ۋە ۋاجىب نامازلاردىن باشقا نامازلاردۇر.

**نامازنىڭ پەرز بولۇش شەرتلىرى:**

1. مۇسۇلمان بولۇش؛
2. بالاغەتكە يېتىش؛
3. ئەقلى - ھوشى جايىدا بولۇش.
4. يۇقىرىدىكى ئۈچ شەرت تولۇق ھازىرلانغان كىشىگە ناماز پەرز بولىدۇ.

## كۆنۈكمە

**تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.**

1. سوئال: قايسى نامازدا رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىنمايدۇ؟

A. مېيىت نامىزى ( )
B. بامدات نامىزى ( )
C. ۋىتىر نامىزى ( )
D. ئىككى ھېيت نامىزى ( )

2. سوئال: قايسى شەرتلەر تولۇق بولغان كىشىگە ناماز پەرز بولىدۇ؟

A. مۇسۇلمان بولۇش، بالاغەتكە يېتىش، ئەقلى-ھوشى جايىدا بولۇش ( )
B. 18 ياشقا توشۇش ( )
C. ئاي - كۈنلەرنى توغرا ھېسابلاشنى بىلىش ( )
D. ھەر بىر كىشىگە پەرز ( )

3. سوئال: قايسى نامازنىڭ ۋاقتى شەپەق يوقالغاندىن باشلاپ، تاڭ يورۇغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ؟

A. خۇپتەن نامىزى ( )
B. شام نامىزى ( )
C. پېشىن نامىزى ( )
D. بامدات نامىزى ( )

4. سوئال: قايسى نامازنى ئوقۇش ۋاجىب؟

A. ۋىتىر نامىزى ( )
B. پېشىن نامىزى ( )
C. ئەسىر نامىزى ( )
D. شام نامىزى ( )

5. سوئال: قايسى نامازنى كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئوقۇش مۇستەھەب؟

A. ۋىتىر نامىزى ( )
B. شام نامىزى ( )
C. خۇپتەن نامىزى ( )
D. بامدات نامىزى ( )

رۇخسەتسىز بىسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ

## 2- دەرس

### نامازنىڭ ۋاقىتلىرى ھەققىدە

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (شۈبھىسىزكى، ناماز مۆئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى)[4].




ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا بىر كېچە - كۈندۈزدە بەش ۋاقىت نامازنى پەرز قىلغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

**بامدات نامىزى:** بامدات نامىزى ئىككى رەكئەت بولۇپ، ۋاقتى تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ قۇياش چىققانغا قەدەردۇر.

**پېشىن نامىزى:** پېشىن نامىزى تۆت رەكئەتتۇر، ۋاقتى قۇياش قايرىلغاندىن باشلاپ ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە قەدەر ئۇزىرىغان ۋاقىتقىچە داۋام قىلىدۇ.

**ئەسىر نامىزى:** ئەسىر نامىزى تۆت رەكئەتتۇر، ۋاقتى پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى ئاخىرلاشقاندىن باشلىنىپ، قۇياش پاتقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ.

**شام نامىزى:** شام نامىزى ئۈچ رەكئەتتۇر، ۋاقتى قۇياش پاتقاندىن باشلىنىپ، قۇياش پاتقان يەردىكى شەپەق يوقالغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ.

**خۇپتەن نامىزى:** خۇپتەن نامىزى تۆت رەكئەتتۇر، ۋاقتى شەپەق يوقالغاندىن باشلىنىپ، تاڭ يورۇغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

**ئەسكەرتىش:** ۋىتىر نامىزى ۋاجىب نامازدۇر. ئۇنىڭ ۋاقتى خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى بىلەن ئوخشاش، ئەمما ئۇ خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. ئەگەر بىر كىشى ۋىتىر نامىزىنى خۇپتەن نامىزىدىن بۇرۇن ئوقۇغان بولسا، خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن قايتا ئوقۇشى ۋاجىب بولىدۇ.

4. «نىسا» سۈرىسى، 103 - ئايەت.

## ناماز ۋاقتىغا مۇناسىۋەتلىك تارماق مەسىلىلەر:

بامداتنى تاڭ ئاقارغاندا ئوقۇش مۇستەھەب.

ياز پەسلىدە پېشىن نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەب.

قىش پەسلىدە پېشىن نامىزىنى ئالدىراپ ئوقۇش مۇستەھەب.

قىش پەسلىدە ھاۋا بۇلۇتلۇق بولسا، قۇياشنىڭ قايرىلغانلىقى ئېنىق بولغانغا قەدەر پېشىن نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەب.

قۇياش سارغىيىپ قالمىسىلا، ئەسرنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەب.

بۇلۇتلۇق كۈنلەردە ئەسر نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەب.

شام نامىزىنى ئالدىراپ ئوقۇش مۇستەھەب.

بۇلۇتلۇق كۈنلەردە شام نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەب.

خۇپتەن نامىزىنى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە قەدەر كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەب.

كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئويغىنىشقا ئىشەنچىسى بار كىشىنىڭ ۋىتىر نامىزىنى كېچىنىڭ ئاخىرىغىچە كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشى مۇستەھەب.

مەيلى ئۆزرىلىك ياكى ئۆزرىسىز بولسۇن، بىرلا ۋاقىتتا ئىككى پەرزنى جەملەپ ئوقۇش جائىز ئەمەس.

پەقەت ھاجىلارنىڭ ئەرەفات تېغىدا، پېشىن ۋاقتىدا پېشىن نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىنى جەملەپ ئوقۇشى ۋە مۇزدەلىفەگە[5] يېتىپ بارغاندا، شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى جەملەپ ئوقۇشى ۋاجىب بولىدۇ.

5. مۇزدەلىفە: مىنا بىلەن ئەرافاتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان مۇقەددەس جايلارنىڭ بىرى. ھاجىلار ئۇ يەردە قۇربان ھېيت كۈنى ئەتىسى ئەتىگەنگىچە تۇرىدۇ، شام ۋە خۇپتەن نامىزىنى جەملەپ ئوقۇيدۇ.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: شام نامىزىنىڭ ۋاقتى ھەققىدە قايسىسى توغرا؟

A. قۇياش پاتقاندىن باشلىنىپ، شەپەق يوقالغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. ( )

B. قۇياش پاتقاندىن باشلىنىپ، يېرىم كېچىگە قەدەر داۋام قىلىدۇ. ( )

C. قۇياش پېشىنتىن بۇرۇن باشلىنىپ، شەپەق يوقالغىچە داۋام قىلىدۇ. ( )

D. قۇياش پاتقاندىن باشلىنىپ، 15 مىنۇتقا قەدەر داۋام قىلىدۇ. ( )

2. سوئال: ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى ھەققىدە قايسىسى توغرا؟

A. پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى باشلانغاندىن باشلىنىپ، قۇياش پاتقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. ( )

B. پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى ئاخىرلاشقاندىن باشلىنىپ، قۇياش پاتقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. ( )

C. پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى ئاخىرلاشقاندىن باشلىنىپ، خۇپتەن نامىزىغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. ( )

D. پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى ئوتتۇرلاشقاندىن باشلىنىپ، قۇياش پاتقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. ( )

3. سوئال: ۋىتىر نامىزى ھەققىدە قايسىسى توغرا؟

A. كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئويغىنىشقا ئىشەنچىسى بار كىشىنىڭ ۋىتىر نامىزىنى كېچىنىڭ ئاخىرىغىچە كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشى مۇستەھەب. ( )

B. نېمىلا بولسۇن، كېچىنىڭ ئاخىرىغىچە كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشى مۇستەھەب. ( )

C. نېمىلا بولسۇن، كېچىنىڭ ئاۋۋىلىدا ئوقۇشى ئوقۇشى مۇستەھەب. ( )

D. ئوقۇمىسىمۇ گۇناھكار بولمايدۇ. ( )

4. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى مۇستەھەب؟

A. بامداتنى تاڭ ئاقارغاندا ئوقۇش مۇستەھەب. ( )

B. ياز پەسلىدە پېشىن نامىزىنى ئالدىرىتىپ ئوقۇش مۇستەھەب. ( )

C. شام نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەب. ( )

D. ھېچقايسىسى مۇستەھەب ئەمەس. ( )

5. سوئال: خۇپتەن نامىزى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. كېچىنىڭ يېرىمىغىچە كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەب. ( )

B. كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە قەدەر كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەب. ( )

C. كېچىنىڭ تۆتتىن بىرىگە قەدەر كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەب. ( )

D. كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىگە قەدەر كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەب. ( )

## ناماز ئوقۇش جائىز بولمايدىغان ۋاقىتلار

### ناماز ئوقۇش جائىز بولمايدىغان ۋاقىتلار:

مەيلى پەرز ياكى ۋاجىب ناماز بولسۇن ياكى ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن قازا نامازلار بولسۇن، تۆۋەندىكىدەك ۋاقىتلاردا ئوقۇش جائىز بولمايدۇ:

1. قۇياش چىقىۋاتقاندا، قۇياش (نەيزە بويى) كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر؛




2. كۈن تىكلەنگەندىن باشلاپ قايرىلغانغا قەدەر؛

3. قۇياش سارغايغان ۋاقىتتىن باشلاپ تولۇق پاتقانغا قەدەر.

### ئەسكەرتىش:

شۇ كۈننىڭ ئەسىر نامىزى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئۇنى كۈن سارغايغاندىمۇ ئوقۇش جائىز.

مەزكۇر ۋاقىتلاردا ۋاجىب بولغان نامازلارنى ئوقۇش مەكرۇھلۇق بىلەن دۇرۇس.

مەزكۇر ۋاقىتلاردا جىنازا نامىزى تەييار بولۇپ قالغان بولسا، مەكرۇھلۇق بىلەن ئوقۇش جائىز.

ئەگەر بىرى مەزكۇر ۋاقىتلاردا سەجدە ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىشى مەكرۇھلۇق بىلەن جائىز بولىدۇ.

مەزكۇر ۋاقىتلاردا نەفلە نامازلارنى ئوقۇش مەكرۇھ تەھرىيمىيدۇر.

### نەفلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولىدىغان ۋاقىتلار:

1. تاڭ ئاقارغاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت بامداتنىڭ سۈننىتىدىن باشقا ناماز ئوقۇش؛

2. بامدات نامىزىدىن كېيىن (قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلگىچە)؛

3. ئەسىر نامىزىدىن كېيىن قۇياش پاتقىچە؛

4. جۈمە كۈنى خەتىب جۈمە خۇتبىسىگە چىققاندىن باشلاپ جۈمەنىڭ ئىككى رەكئەت پەرزىنى ئوقۇپ بولغۇچە؛

5. تەكبىر ئوقۇلغاندا. بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، چۈنكى بۇ ناماز تەكبىر ئوقۇلۇۋاتقاندىمۇ، تەكبىردىن كېيىنمۇ ئىككىنچى رەكئەتتە ئىمامغا ئۈلگۈرۈشكە ئىشەنچ قىلالىسا، مەسجىدنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئوقۇلۇشى مەكرۇھ ئەمەس؛

6. ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن ئۆيدە بولسۇن ياكى ھېيتگاھتا بولسۇن، نەفلە ناماز ئوقۇلمايدۇ؛

7. ھېيتگاھتا ھېيت نامىزىدىن كېيىن، باشقا ناماز ئوقۇش مەكرۇھ. ئەگەر ئۆيدە ئوقۇسا، مەكرۇھ ئەمەس؛

8. نەفلە ناماز ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولسا، پەرزگە ئۈلگۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە ۋاقىت قىستاپ قالغان بولسا؛

9. ئاچلىقتىن نەپسى تاقىلداپ تۇرۇۋاتقاندا ئالدىغا تاماق كەلسە؛

10. سىيىدۈك، چوڭ تاھارەت ۋە يەل قىستىغان چاغدا. سىيىدۈك، چوڭ تاھارەت ۋە يەل قىستاپ تۇرغاندا مەيلى پەرز ياكى نەفلە بولسۇن، ھەرقانداق ناماز ئوقۇش مەكرۇھ؛

11. كىشىنىڭ كۆڭلىگە كېلىۋېلىپ، خۇشۇغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىش يۈز بەرگەندە؛

12. پەقەت ھەج قىلغۇچىغا نىسبەتەن مىنا، ئەرەفات، مۇزدەلىفەدە، پېشىن نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزى ئارىلىقىدا؛

13. پەقەت ھەج قىلغۇچىغا نىسبەتەن مىنا، ئەرەفات، مۇزدەلىفەدە، شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزى ئارىلىقىدا.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: قايسى ۋاقىتتا ناماز ئوقۇش جائىز ئەمەس؟

A. قۇياش چىقىۋاتقاندا (نەيزە بويى) كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر (   )

B. بامداتنىڭ ۋاقتى كىرىشى بىلەن (   )

C. شامنىڭ ۋاقتى كىرىشى بىلەن (   )

D. قۇياش پاتقاندىن كېيىن (   )

2. سوئال: قايسى ۋاقىتتا نەفلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھ؟

A. ئەسىر نامىزىدىن كېيىن، قۇياش پاتقىچە (   )

B. خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن (   )

C. بامدات نامىزىغا ئەزان چىقىشتىن بۇرۇن (   )

D. جۈمە خۇتبىسىدىن بۇرۇن (   )

3. سوئال: جۈمە كۈنى قايسى ۋاقىتتا نەفلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھ؟

A. خەتىب خۇتبىگە چىققاندا (   )

B. جۈمە نامىزىدىن كېيىن (   )

C. جۈمە كۈنى بامداتتىن كېيىن (   )

D. جۈمە كۈنى شامدىن بۇرۇن (   )

4. سوئال: كۈن تىكلەنگەندىن باشلاپ كۈن پېتىش تەرەپكە قايرىلغانغا قەدەر ناماز ئوقۇش جائىزمۇ؟

A. ھەئە، مۇتلەق جائىز. (   )

B. پەرز نامازلار ئۈچۈن جائىز. (   )

C. نەفلە نامازلار ئۈچۈن جائىز. (   )

D. ۋاجىب بولغان نامازلارنى ئوقۇش مەكرۇھلۇق بىلەن جائىز. (   )

5. سوئال: قۇياش سارغايغان ۋاقىتتا قايسى نامازنى ئوقۇشقا بولىدۇ؟

A. شۇ كۈننىڭ ئەسىر نامىزى ( )

B. شام نامىزى ( )

C. ئەسىرنىڭ ئالدىدىكى تۆت رەكئەت سۈننەت ناماز ( )

D. نەفلە نامازلار ( )

6. سوئال: خەتىب جۈمە خۇتبىسى ئوقۇۋاتقاندا نەفلە ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى نىمە؟

A. مەكرۇھ ئەمەس ( )

B. ئاياللار ئۈچۈن مەكرۇھ ئەمەس ( )

C. سۈننەت ( )

D. مەكرۇھ ( )

7. سوئال: سۈيدۈك، چوڭ تەرەت ۋە يەل قىستىغان چاغدا ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى نىمە؟

A. پەقەت پەرز نامازلارنى ئوقۇش مەكرۇھ ئەمەس. ( )

B. پەقەت نەفلە نامازلارنى ئوقۇش مەكرۇھ ئەمەس. ( )

C. ھەر قانداق نامازنى ئوقۇش مەكرۇھ. ( )

D. ھېچقانداق نامازنى ئوقۇش مەكرۇھ ئەمەس. ( )

8. سوئال: ھەج قىلغۇچىلارغا مىنا، ئەرەفات ۋە مۇزدەلىفەدە شام بىلەن خۇپتەن نامىزى ئارىلىقىدا نەفلە ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى نىمە؟

A. جائىز ( )

B. مەكرۇھ ئەمەس ( )

C. پەقەت ئەرەفاتتا مەكرۇھ ( )

D. مەكرۇھ ( )

## 4- دەرس

# ئەزان ۋە تەكبىر ھەققىدە

### ئەزاننىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى:



**ئەزان** – ئىسلامدا پەرز نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ۋە مۇسۇلمانلارنى نامازدا بىر ئارىغا توپلىنىشقا چاقىرىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان مەخسۇس زىكرلەردىن ئىبارەتتۇر.

### ئەزاننىڭ يولغا قويۇلۇشى:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (ئى مۆئمىنلەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم - سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار. ئەگەر بىلسەڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر)[6].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ناماز ۋاقتى كەلسە، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەزان ئوقۇسۇن، چوڭراقىڭلار ئىمام بولسۇن»[7].

### ئەزان ۋە تەكبىرنىڭ ھۆكمى:

پەرز نامازلار ئۈچۈن ئەزان ئوقۇش ئەرلەرگە نىسبەتەن سۈننەتى مۇئەككەدە (كۈچلۈك سۈننەت) دۇر.

مەيلى مۇقىم تۇرغۇچى[8] ياكى سەپەر ئۈستىدە بولسۇن، جامائەت بىلەن ياكى يالغۇز ئوقۇسۇن، نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇسۇن ياكى قازا ناماز ئوقۇسۇن، ئەرلەرگە نىسبەتەن تەكبىر ئوقۇش[9] سۈننەتى مۇئەككەدەدۇر.

6. «نىسا» سۈرىسى، 9 - ئايەت.
7. «مۇسلىم» ، 674 - ھەدىس.
8. ھەنەفىي مەزھەبتە ئۆز ۋەتىنىدە تۇرغان ياكى سەپەر قىلغان شەھەردە 15 كۈندىن كۆپ تۇرۇشنى نىيەت قىلغان كىشى مۇقىم تۇرغۇچى دېيىلىدۇ.
9. بۇ يەردىكى تەكبىردىن مۇئەززىننىڭ جامائەتلەرنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، نامازغا ھازىرلاش ئۈچۈن، ناماز باشلىنىش ئالدىدا ئوقۇيدىغان، «قەد قامەتىسسالات، قەد قامەتىسسالات» كەلىمىلىرىدىن باشقىسى ئەزانغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان زىكرىلەر مەقسەت قىلىنىدۇ.

## ئەزان كەلىملىرى

| ئەرەبچىسى | ئوقۇلۇشى | تەرجىمىسى |
|---|---|---|
| الله أكبر الله أكبر | ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر | ئاللاھ ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ ئۇلۇغدۇر |
| الله أكبر الله أكبر | ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر | ئاللاھ ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ ئۇلۇغدۇر |
| أشهد أن لا إله إلا الله | ئەشھەدۇ ئەللا ئىلاھە ئىللەللاھ | گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق |
| أشهد أن لا إله إلا الله | ئەشھەدۇ ئەللا ئىلاھە ئىللەللاھ | گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق |
| أشهد أن محمدًا رسول الله | ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ | گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر |
| أشهد أن محمدًا رسول الله | ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ | گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر |
| حيَّ على الصلاة | ھەييە ئەلەسسالاھ | نامازغا كېلىڭلار |
| حيَّ على الصلاة | ھەييە ئەلەسسالاھ | نامازغا كېلىڭلار |
| حَيَّ على الفلاح | ھەييە ئەلەلفەلاھ | نىجاتلىققا كېلىڭلار |
| حَيَّ على الفلاح | ھەييە ئەلەلفەلاھ | نىجاتلىققا كېلىڭلار |
| الله أكبر | ئاللاھۇ ئەكبەر | ئاللاھ ئۇلۇغدۇر |
| الله أكبر | ئاللاھۇ ئەكبەر | ئاللاھ ئۇلۇغدۇر |
| لا إله إلا الله | لائىلاھە ئىللەللاھ | ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر |

**ئەسكەرتىش:**

بامدات نامىزىنىڭ ئەزانىدا «ھەييە ئەلەلفەلاھ»تىن كېيىن، ئىككى قېتىم «ئەسسالاتۇ خەيرۇممىنەننەۋم»(ئۇيقۇدىن ناماز ياخشىدۇر) دېيىلىدۇ.

تەكبىر ئەزانغا ئوخشاش ئوقۇلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدا «ھەييە ئەلەلفەلاھ، ھەييە ئەلەلفەلاھ» دېيىلگەندىن كېيىن، ئىككى قېتىم «قەد قامەتىسسالات، قەد قامەتىسسالات» (ناماز ھازىر بولدى) دېيىلىدۇ.

ئەزان ئالدىرىماي ئوقۇلىدۇ، تەكبىر تېزراق ئوقۇلىدۇ.

ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدا ئەزان ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ.

## ئەزاندىكى مۇستەھەب ئەمەللەر:

1. مۇئەززىنىنىڭ تاھارەتلىك بولۇشى؛

2. مۇئەززىنىڭ سۈننەتكە ئالىم بولۇشى ۋە ناماز ۋاقىتلىرىنى بىلىشى؛

3. مۇئەززىنىنىڭ سالىھ كىشى بولۇشى؛

4. مۇئەززىنىنىڭ ئەزان ئوقۇغاندا قىبلىگە ئالدىنى قىلىشى؛

5. مۇئەززىنىنىڭ ئىككى بارمىقىنى قۇلىقىنىڭ ئىچىگە قويۇشى؛

6. مۇئەززىنىنىڭ «ھەييە ئەلەسسالاھ» دېگەندە يۈزىنى ئوڭ تەرەپكە بۇرىشى ۋە «ھەييە ئەلەلفەلاھ» دېگەندە يۈزىنى سول تەرەپكە بۇرىشى؛

7. ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىلىقىدا دائىمىي جامائەتلەر كېلىۋالغۇدەك ۋاقىت كۈتۈش. ۋاقتى چىقىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ قالغاندا، نامازنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ؛

8. شام نامىزى بىلەن ئەزان ئارىسىدا قىسقا ئۈچ ئايەت ئوقۇغۇدەك ياكى ئۈچ قەدەم ماڭغۇدەك ۋاقىت پاسىل قويۇش؛

9. ئەزاننى ئاڭلىغان كىشىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىدىن توختاپ، مۇئەززىن نېمە دېسە، شۇنى دېيىشى. بىراق، مۇئەززىن «ھەييە ئەلەسسالاھ» ۋە «ھەييە ئەلەلفەلاھ» دېگەندە «لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ» (پۈتۈن ھەرىكەت ۋە كۈچ – قۇۋۋەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بولىدۇ) دەيدۇ، مۇئەززىن «ئەسسالاتۇ خەيرۇممىنەننەۋم»( ئۇيقۇدىن ناماز ياخشىدۇر) دېگەندە «سەدەقتە ۋە بەرىرتە»(ئېيتقانلىرىڭ راست، سەن كۆپ ياخشىلىققا ئېرىشتىڭ) دەيدۇ.

10. مۇئەززىن ۋە ئەزاننى تىڭشىغۇچىنىڭ ئەزان ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مۇنۇ كەلىمىلەر بىلەن دۇئا قىلىشى مۇستەھەب: «اَللّٰهُمَّ رَبَّ هٰذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ وَالصَّلاةِ الْقَائِمَةِ آتِ مُحَمَّداً الْوَسِيلَةَ وَالْفَضِيلَةَ، وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَحْمُودًا الَّذِي وَعَدْتَهُ»[10]، تەرجىمىسى: «ئى ئۇشبۇ ئۇلۇغ چاقىرىقنىڭ ۋە ۋاقتى كىرگەن نامازنىڭ ئىگىسى ئاللاھ! پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلغىن ۋە ئۇنى سەن ۋەدە قىلغان ئالىي ماقامغا ئېرىشتۈرگىن».

10. «بۇخارىي»، 614 ـ ھەدىس.

## ئەزان ئوقۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەكرۇھلار:

1. ئەزاننى ناخشىغا ئوخشىتىپ ئوقۇش؛
2. تاھارەتسىز ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇش؛
3. جۇنۇب كىشىنىڭ ئەزان ئوقۇشى؛
4. ئەقلى يېتىلمىگەن نارەسىدىنىڭ ئەزان ئوقۇشى؛
5. ساراڭنىڭ ئەزان ئوقۇشى؛
6. مەستنىڭ ئەزان ئوقۇشى؛
7. ئايال كىشىنىڭ ئەزان ئوقۇشى؛
8. پاسىق كىشىنىڭ ئەزان ئوقۇشى؛
9. ئولتۇرغان كىشىنىڭ ئەزان ئوقۇشى؛
10. مۇئەززىننىڭ ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇش جەريانىدا گەپ قىلىشى؛ (مۇئەززىن ئەزان ئوقۇش جەريانىدا گەپ قىلسا، ئەزاننى قايتا ئوقۇشى مۇستەھەب. ئەمما، تەكبىر ئوقۇش جەريانىدا گەپ قىلسا، تەكبىرنى قايتا ئوقۇمايدۇ).
11. شەھەر ئىچىدە جۇمە كۈنى پېشىن نامىزى ئۈچۈن ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇش.

## ئەسكەرتىش:

بىردىن كۆپ نامازنى قازا قىلغان كىشى بىرىنچى نامازغا ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇيدۇ؛ قالغان نامازلاردا ئىختىيارىي بولۇپ، خالىسا ھەر ناماز ئۈچۈن ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇسا بولىدۇ؛ خالىسا پەقەت تەكبىرنىلا ئوقۇسىمۇ بولىدۇ.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىلىقىدا قانچىلىك ۋاقىت ساقلاش كېرەك؟

A. نامازنى كىچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. ( )

B. دائىمىي جامائەتلەر كېلىۋالغۇدەك ۋاقىت كۈتۈش مۇستەھەب. ( )

C. يېرىم سائەت كۈتۈش كېرەك. ( )

D. ئارىلىقتا ھېچقانداق ۋاقىت ساقلاش كېرەك ئەمەس. ( )

2. سوئال: مۇئەززىن تەكبىر ئوقۇش جەريانىدا گەپ قىلسا قانداق قىلىدۇ؟

A. تەكبىرنى قايتا ئوقۇشى مۇستەھەب. ( )

B. تەكبىرنى قايتا ئوقۇمايدۇ. ( )

C. تەكبىرنى قايتا ئوقۇشى پەرز. ( )

D. تەكبىرنى قايتا ئوقۇشى ۋاجىب. ( )

3. سوئال: قايسى ۋاقىتتا مۇئەززىن يۈزىنى سول تەرەپكە بۇرىشى مۇستەھەب؟

A. «ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېگەندە ( )

B. «ھەييە ئەلەسسالاھ» دېگەندە ( )

C. «ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» دېگەندە ( )

D. «ھەييە ئەلەلفەلاھ» دېگەندە ( )

4. سوئال: مۇئەززىن «ئەسسالاتۇ خەيرۇممىنەننەۋم» دېگەندە ئەزاننى تىڭشىغۇچى نېمە دەيدۇ؟

A. «لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ» ( )

B. «ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» ( )

C. مۇئەززىن نېمە دېسە شۇنى دەيدۇ ( )

D. «سەدەقتە ۋە بەررتە» ( )

5. سوئال: ئەزان ۋە تەكبىرنىڭ سۈرئىتى قانداق بولۇشى كېرەك؟

A. ئەزان تېز، تەكبىر ئاستا ئوقۇلىدۇ. ( )

B. ئەزان ۋە تەكبىر ئوخشاشلا تېز ئوقۇلىدۇ. ( )

C. ئەزان ۋە تەكبىر ئوخشاشلا ئاستا ئوقۇلىدۇ. ( )

D. ئەزان ئالدىرىماي، تەكبىر تېز ئوقۇلىدۇ. ( )

6. سوئال: جۈمە كۈنى پېشىن ۋاقتىدا ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

A. شەھەر ئىچىدە ئوقۇش ۋاجىب. ( )

B. شەھەر ئىچىدە ئوقۇش مۇستەھەب. ( )

C. شەھەر ئىچىدە ئوقۇش مەكرۇھ. ( )

D. شەھەر ئىچىدە ئوقۇش ھارام. ( )

7. سوئال: تۆۋەندىكىلەرنىڭ قايسىسى مەكرۇھ؟

A. تاھارەتسىز ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇش ( )

B. ئەر كىشىنىڭ ئەزان ئوقۇشى ( )

C. مۇئەززىننىڭ ئەزان ئوقۇغاندا قىبلىگە ئالدىنى قىلىشى ( )

D. ياشانغان كىشىنىڭ ئەزان ئوقۇشى ( )

8. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. ئەرەب دىيارلىرىدا ئەرەبچىدىن باشقا تىلدا ئەزان ئوقۇش ( )

B. تىلى ئەرەبچە بولمىغانلار ئارىسىدا شۇلارنىڭ تىلىدا ئەزان ئوقۇش ( )

C. ھەر قانداق يەردە ئەرەبچىدىن باشقا تىلدا ئەزان ئوقۇش قەتئىي دۇرۇس ئەمەس ( )

D. ئەرەب تىلى قىيىن كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆز تىلىدا ئەزان ئوقۇشى ( )

9. سوئال: بىردىن كۆپ قازا نامىزى بولغاندا، قايسى ئۇسۇلدا ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇش توغرا؟

A. ھەر نامازغا ئايرىم ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇش پەرز. ( )

B. بىرىنچى نامازغا ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇيدۇ، قالغانلىرىدا ئىختىيارىي. ( )

C. ھەممە نامازغا پەقەت تەكبىر ئوقۇش يېتەرلىك. ( )

D. ھەر نامازغا پەقەت ئەزان ئوقۇش كېرەك. ( )

10. سوئال: مۇئەززىن «ھەييە ئەلەلفەلاھ» دېگەندە ئاڭلىغان كىشى نېمە دەيدۇ؟

A. «سەدەقتە ۋە بەرىرتە» ( )

B. «ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» ( )

C. «لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ» ( )

D. مۇئەززىن نېمە دېسە شۇنى ( )

# 5- دەرس

## نامازنىڭ ئادا بولۇش شەرتلىرى ھەققىدە



### نامازنىڭ ئادا بولۇش شەرتلىرى:

نامازدىن سانالمايدىغان، ئەمما نامازنىڭ ئادا بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بىرقانچە ئىش بار بولۇپ، ئۇلاردىن بىرى چالا قالسىمۇ ناماز ئادا بولمايدۇ. بۇلار «نامازنىڭ شەرتلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلار تۆۋەندىكى ئالتە شەرتتىن ئىبارەت:

### بىرىنچى، تاھارەت:

1. نامازخاننىڭ بەدىنى چوڭ ۋە كىچىك تاھارەتسىزلىكتىن پاك بولۇشى؛
2. نامازخاننىڭ بەدىنى ئەپۇ قىلىنمايدىغان نىجاسەتتىن پاك بولۇشى؛
3. نامازخاننىڭ ناماز ئوقۇيدىغان كىيىمىنىڭ ئەپۇ قىلىنمايدىغان نىجاسەتتىن پاك بولۇشى؛
4. ناماز ئوقۇلىدىغان ئورۇننىڭ نىجاسەتتىن پاك بولۇشى. ناماز ئوقۇلىدىغان ئورۇننىڭ پاك بولۇشىدا پۇت، قول، تىز ۋە پېشانە قاتارلىق ئەزالار تېگىدىغان ئورۇننىڭ پاك بولۇشى ئالاھىدە زۆرۈردۇر.

### ئىككىنچى، ئەۋرەتنى يۆگەش:

ئەۋرەتنى يۆگەشكە قادىر تۇرۇپ يۆگىمىسە، ناماز قوبۇل بولمايدۇ.

نامازغا كىرگەندىن باشلاپ ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئەۋرەت يۆگەلگەن ھالەتتە بولۇشى لازىم. ئەگەر نامازغا كىرىشتىن بۇرۇن ئەۋرەتنىڭ تۆتتىن بىرى ئوچۇق قالغان بولسا، ناماز ھېساب بولمايدۇ.

ناماز جەريانىدا مەلۇم بىر رۇكنىنى ئادا قىلغۇدەك ۋاقىتتا ئەۋرەتنىڭ تۆتتىن بىرى ئېچىلىپ قالسا، ناماز بۇزۇلىدۇ.

ئەر كىشىنىڭ ئەۋرىتىنىڭ چەك - چېگراسى كىندىكىدىن تىزىنىڭ ئاستىغىچە بولىدۇ. تىزى ئەۋرەت، ئەمما كىندىكى ئەۋرەت ئەمەس.

دېدەكنىڭ ئەۋرىتىنىڭ چەك - چېگراسى كىندىكىدىن تىزىنىڭ ئاستىغىچە.

ھۆر ئاياللىڭ ئەۋرىتىنىڭ چەك - چېگراسى يۈزى، ئالقىنى ۋە پۇتىدىن باشقا پۈتۈن بەدىنىدۇر.

## ئۈچىنچى، قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش:

ئىمكانى بار تۇرۇپ قىبلىگە يۈز كەلتۈرمەستىن ئوقۇلغان ناماز قوبۇل بولمايدۇ.

كەئبىنىڭ ئۆزىگە قاراش: مەككىلىكلەرنىڭ ۋە كەئبىنى كۆرەلەيدىغانلارنىڭ كەئبىنىڭ ئۆزىگە قارىشى شەرتتۇر.

كەئبە تەرەپكە قاراش: مەككىدىن ئۇزاق بولغانلىقتىن كەئبىنى كۆرەلمەيدىغانلار كەئبە تەرەپكە قارىسا كۇپايە.

كىسەللىك ياكى دۈشمەن قورقۇنچىسى تۈپەيلى قىبلىگە يۈز كەلتۈرەلمەيدىغان كىشىنىڭ ئۆزى كەلگەن تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇشى جائىزدۇر.

## تۆتىنچى، نامازنىڭ ۋاقتى:

ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن ئوقۇلغان ناماز قوبۇل بولمايدۇ. يۇقىرىدا ناماز ۋاقىتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىندى.

## بەشىنچى، نىيەت:

نىيەتسىز ئوقۇلغان ناماز قوبۇل بولمايدۇ.

پېشىن ياكى ئەسىر دېگەندەك پەرز ناماز بولسا، نىيەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋاجىب.

ۋىتىر ياكى ئىككى ھېيت نامىزىغا ئوخشاش ۋاجىب نامازلار بولسا، ئۇنىڭدىمۇ نىيەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋاجىب.

نەفلە نامازلاردا نىيەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش شەرت ئەمەس، بەلكى ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلسىلا كۇپايە.

ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان بولسا، ئىمامغا ئەگىشىشنى نىيەت قىلىشى لازىم.

## ئالتىنچى، تەكبىر تەھرىيمە (نامازنى باشلاش تەكبىرى):

تەكبىر تەھرىيمىدىن مەقسەت نامازنى «ئاللاھۇ ئەكبەر» ياكى «ئاللاھۇ ئەئزەم» ياكى «سۇبھانەللاھ» دېگەندەك ئاللاھ ئۈچۈن خالىس بولغان زىكىرلەر بىلەن باشلاشتۇر.

نىيەت بىلەن تەكبىر تەھرىيمە ئارىسىدا يېيىش - ئىچىشكە ئوخشاش نامازغا مۇناسىپ بولمىغان ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدۇ.

تەكبىرنى ئۆرە تۇرۇپ ئېيتىشى ۋە ئۆزى ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېيىشى شەرت.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: تاھارەتسىز ناماز ئادا بولمايدۇ. ئۇنداقتا، تاھارەتتىن نىمىلەر مەقسەت قىلىنىدۇ؟

A. بەدەن، كىيىم ۋە ناماز ئوقۇلىدىغان ئورۇننىڭ نىجاسەتتىن پاك بولۇشى ( )

B. پەقەت كىيىمنىڭ پاك بولۇشى ( )

C. پەقەت ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇننىڭ پاك بولۇشى ( )

D. تاھارەت ئالغان بولسىلا كۇپايە ( )

2. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسى توغرا؟

A. ناماز جەريانىدا ئەۋرەت ئوچۇق قالسىمۇ نامازغا تەسىر قىلمايدۇ. ( )

B. ھەر قانداق كىيىمدە ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ. ( )

C. ئەۋرەتنى يۆگەشكە قادىر تۇرۇپ يۆگىمىسە، ناماز قوبۇل بولمايدۇ. ( )

D. ئەرلەر تىزنىڭ ئۈستىنى، يوتىسىنىڭ ئاستىنى يۆگىمەستىن ناماز ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. ( )

3. سوئال: نامازدا قىبلىگە قاراشنىڭ ھۆكمى نىمە؟

A. نامازدا قىبلىگە قاراش شەرت. ( )

B. قايسى تەرەپكە قارىسا بولىدۇ. ( )

C. پەقەت مەككىدە بولغانلارلا قىبلىگە قاراش كېرەك. ( )

D. كېسەل كىشىلەر قىبلىگە قارىمىسىمۇ بولىدۇ. ( )

4. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن ئوقۇلغان ناماز قوبۇل بولمايدۇ. ( )

B. ئالدىراش بولسا ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. ( )

C. ۋاقتىدا ئوقۇماي، كېيىن قازاسىنى قىلىۋالسا بولىدۇ. ( )

D. ۋاقتىدا ئوقۇيالمىسا، كېيىن قازاسى كەلمەيدۇ. ( )

5. سوئال: نىيەت ھەققىدە دېيىلگەنلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. نامازنى باشلاشتىن بۇرۇن قانداق ناماز ئىكەنلىكىنى بەلگىلەپ نىيەت قىلىۋېلىش لازىم. ( )

B. نىيەت قىلمىسىمۇ بولىدۇ. ( )

C. ھەر نامازغا نىيەت قىلىش لازىم ئەمەس. ( )

D. نامازنى باشلىغاندىن كېيىن نىيەت قىلىۋالسىمۇ بولىدۇ. ( )

6- دەرس

## نامازنىڭ شەرتىگە مۇناسىۋەتلىك تارماق مەسىلىلەر



نجاسەتنى تازىلىغۇدەك بىرەر نەرسە تاپالمىغان كىشى شۇ پېتى ناماز ئوقۇۋېرىدۇ، (تاپقاندىن كېيىن) نامازنى قايتا ئوقۇمايدۇ.

يوپۇرماق ياكى لايغا چاغلىق بولسىمۇ ئەۋرىتىنى ياپقۇدەك بىرەر نەرسە تاپالمىغان كىشى يالىڭاچ پېتى ناماز ئوقۇۋېرىدۇ، (تاپقاندىن كېيىن) نامازنى قايتا ئوقۇمايدۇ.

كىيىمنىڭ تۆتتىن بىرى پاك كىشىنىڭ يالىڭاچ ناماز ئوقۇشى جائىز بولمايدۇ.

بىر كىشىنىڭ كىيىمى نجىس بولۇپ قالغان بولسا، شۇ كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇغانلىقى يالىڭاچ ئوقۇغىنىدىن ئەۋزەلدۇر.

يالىڭاچ كىشى قىبلە تەرەپكە پۇتىنى سوزغان ھالدا، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ، رۇكۇ - سەجدىنى ئىشارەت بىلەن قىلىدۇ.

نجاسەت يۇقۇپ قالغان رەختنىڭ پاك تەرىپىدە ناماز ئوقۇش جائىز. ئەمما، رەختنىڭ بىر تەرىپىنى مىدىرلاتسا، يەنە بىر تەرىپى مىدىرلىمايدىغان دەرىجىدە (چوڭ) بولۇشى لازىم.

ئۈستى پاكىز، ئاستى نجىس كىگىز ئۈستىدە ناماز ئوقۇش جائىز.

قىبلىنى بىلەلمىگەن، سورايدىغان ئادەممۇ يوق، قىبلىگە ئالامەت بولغۇدەك بىرەر نەرسىمۇ تاپالمىغان كىشى ئىزدىنىپ بېقىپ ناماز ئوقۇۋېرىدۇ. ئىزدەنگەندىن كېيىن، ناماز ئوقۇپ، قىبلىدە خاتالاشقان بولسىمۇ، نامىزى ئادا بولىدۇ.

ناماز ئوقۇۋېتىپ خاتالاشقانلىقىنى بىلسە، قىبلە تەرەپكە بۇرۇلۇپ، نامىزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: نىجاسەتنى تازىلىغۇدەك نەرسە تاپالمىغان كىشى قانداق قىلىدۇ؟

A. نىجاسەت بولغان ھالدىمۇ ناماز ئوقۇيدۇ، كېيىن قايتا ئوقۇشى شەرت ئەمەس. ( )

B. تازىلىغۇدەك نەرسە تاپالمىسا ناماز ئوقۇمايدۇ. ( )

C. بامداتتىلا ئوقۇشى كېرەك، چۈنكى ئۇ بەك مۇھىم. ( )

D. نىجاسەت بولغان ھالدا ناماز ئوقۇۋېرىدۇ، پاكلانغاندىن كېيىن قايتا ئوقۇشى شەرت. ( )

2. سوئال: ئەۋرەتنى ياپقۇدەك نەرسە تاپالمىغان كىشى قانداق قىلىدۇ؟

A. لاي ياكى يوپۇرماق دېگەندەك بىرەر نەرسە بىلەن يۆگەش مۇمكىن بولسا يۆگەيدۇ، بولمىسا يالىڭاچ ناماز ئوقۇۋېرىدۇ، كېيىن يۆگىگۈدەك بىرەر نەرسە تاپقاندىن كېيىنمۇ نامازنى قايتا ئوقۇمايدۇ. ( )

B. ئەۋرەتنى يۆگىيەلمىگەن كىشى ناماز ئوقۇماسلىقى كېرەك. ( )

C. يالىڭاچ ناماز ئوقۇۋېرىدۇ، كېيىن يۆگىگۈدەك بىرەر نەرسە تاپقاندىن كېيىن نامازنى قايتا ئوقۇيدۇ. ( )

D. پەرز نامازلاردىن مۇھىم بولغىنىنى ئوقۇپ، مۇھىم ئەمەسىنى كېيىن ئوقۇسا بولىدۇ. ( )

3. سوئال: كىيىمىنىڭ تۆتتىن بىرى پاك بولغان كىشى قانداق قىلىدۇ؟

A. كىيىمىنىڭ تۆتتىن بىرى پاك بولغان بولسا، ئۇ كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇشى لازىم. ( )

B. بۇنداق ھالدا ناماز ئوقۇماسلىقى كېرەك. ( )

C. نامازنى يالىڭاچ ھالدا ئوقۇغىنى ياخشى. ( )

D. تۆتتىن بىرى دېگەن شەرت يوق، خالىغان كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇسا بولىدۇ. ( )

4. سوئال: قىبلىنى بىلەلمىگەن كىشى قانداق قىلىدۇ؟

A. قىبلىنى ئىزدەيدۇ، ئىزدەنگەندىن كېيىن خاتالىشىپ قالسا، نامىزى ئادا بولۇۋېرىدۇ. ( )

B. قىبلىنى بىلەلمىگەن كىشى ناماز ئوقۇماي تۇرىدۇ. ( )

C. قىبلىنى بىلەلمىگەن كىشى كۆڭلى پېتىشقا قاراپ ناماز ئوقۇيدۇ. ( )

D. قىبلىنى سورايدىغان ئادەم تاپالمىغاندا، خالىغان تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇيدۇ. ( )

5. سوئال: يالىڭاچ كىشى قانداق ناماز ئوقۇيدۇ؟

A. قىبلە تەرەپكە پۇتىنى سوزغان ھالدا، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ، رۇكۇ - سەجدىنى ئۆلچەملىك قىلىدۇ. ( )

B. يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ، رۇكۇ - سەجدىنى ئىشارەت بىلەن قىلىدۇ. ( )

C. قىبلە تەرەپكە پۇتىنى سوزغان ھالدا، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ، رۇكۇنى ئۆلچەملىك ھالدا، سەجدىنى ئىشارەت بىلەن قىلىدۇ. ( )

D. قىبلە تەرەپكە پۇتىنى سوزغان ھالدا، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ، رۇكۇ - سەجدىنى ئىشارەت بىلەن قىلىدۇ. ( )

# 7- دەرس

## نامازنىڭ ئەركانلىرى ھەققىدە

نامازنىڭ ئەركانلىرى (پەرزلىرى) ئالتىدۇر:

### 1. تەكبىر تەھرىمە (باشلىنىش تەكبىرى):

### 2. قىيام:



قىيام (ئۆرە تۇرۇش) غا قادىر بولالىغان كىشىنىڭ قىيامدا تۇرماستىن ئوقۇغان نامىزى مەقبۇل بولمايدۇ.

قىيامدا تۇرۇش پەرز ۋە ۋاجىب نامازلاردا پەرزدۇر.

نەفلە نامازلاردا قىيامدا تۇرۇش پەرز ئەمەس.

نەفلە نامازلاردا قىيامدا تۇرۇشقا قادىر تۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئوقۇش جائىز.

### 3. قىرائەت:

بىر ئايەت بولسىمۇ قىرائەت قىلىش لازىم. قىرائەتسىز ناماز ئادا بولمايدۇ.

پەرز نامازلارنىڭ ئىككى رەكئىتىدە، ۋاجىب ۋە نەفلە نامازلارنىڭ ھەممە رەكئىتىدە قىرائەت پەرزدۇر.

ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغۇچىدىن قىرائەت ساقىت بولىدۇ، بەلكى ئۇنىڭ قىرائەت قىلىشى مەكرۇھ بولىدۇ.

### 4. رۇكۇ:

رۇكۇسىز ناماز قوبۇل بولمايدۇ.

رۇكۇدىكى پەرز بولغان ئۆلچەم رۇكۇ ھالىتىگە يېقىن دەرىجىدە بەلنى ئېگىش بىلەن بىرگە، باشنى ئېگىشتۇر.

مۇكەممەل رۇكۇ بولسا باش بىلەن سۆڭگەچ تەكشى بولغانغا قەدەر ئومۇرتقىنىڭ ئېگىلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## 5. سەجدە:

ھەر رەكئەتتە ئىككى قېتىم سەجدە قىلمىسا، ناماز ئادا بولمايدۇ.

سەجدىدە پەرز قىلىنغان ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم پېشانىنىڭ بىر قىسمىنى، ئىككى قول ۋە ئىككى تىزنىڭ بىرىنى، ئىككى پۇتنىڭ بىرىنىڭ ئۇچىدىن مەلۇم قىسمىنى يەرگە قويۇشتۇر.

مۇكەممەل سەجدە بولسا ئىككى قول، ئىككى تىز، ئىككى پۇت ۋە پېشانە بىلەن بۇرۇننى يەرگە قويۇشتۇر.

سەجدە ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ پېشانىسى ئورۇنلاشقۇدەك، ئوبدان سەجدە قىلسا، بېشى چۆكۈپ كەتمىگۇدەك نەرسە ئۈستىگە بولغاندىلا توغرا بولىدۇ.

سەجدە قىلغاندا ئۆزرىسىز بۇرۇننىلا چوقۇپ تۇرۇش توغرا بولمايدۇ.

ئالقىنى ۋە كىيىمىنىڭ پېشىگە سەجدە قىلسا، مەكرۇھلۇق بىلەن جائىز بولىدۇ.

سەجدىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن سەجدە قىلغان ئورۇن ئىككى پۇتنىڭ ئورنىدىن 23 سانتىمېتىردىن كۆپ ئېگىز بولماسلىقى شەرت.

سەجدە قىلغان ئورۇن 23 سانتىمېتىردىن ئېگىز بولسا، ناماز ئادا بولمايدۇ، قاتتىق قىستاڭچىلىق ھالىتى بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

## 6. تەشەھھۇد مىقدارى ئاخىرقى ئولتۇرۇش:

بەزى فىقھشۇناسلار نامازخاننىڭ نامازدىن بىرەر ئىش - ھەرىكەت بىلەن چىقىشىنى پەرز دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئىنچىكىلەپ تەكشۈرگۈچى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا بۇ، پەرز ئەمەس، بەلكى ۋاجىپتۇر.

### ئەسكەرتىش:

يۇقىرىقىلاردىن بىرىنى قەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ نامىزى بۇزۇلىدۇ.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: قىيام ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. نەفلە نامازلاردا قىيامدا تۇرۇش پەرز ئەمەس. ( )

B. ھەر قانداق نامازدا قىيامدا تۇرۇش پەرز. ( )

C. قىيام پەقەت پەرز نامازلار ئۈچۈنلا كېرەك. ( )

D. ۋاجىب نامازلاردا قىيامدا تۇرمىسىمۇ بولىدۇ. ( )

2. سوئال: قىرائەت قايسى نامازلاردا پەرز؟

A. ھەممە تۈرلۈك نامازلاردا ( )

B. بەش ۋاقىت نامازنىڭ باشقىلىرىدا ( )

C. پەقەت پەرز نامازلاردا ( )

D. ھېچبىرىدە پەرز ئەمەس ( )

3. سوئال: قانداق بولغاندا رۇكۇ توغرا ھېسابلىنىدۇ؟

A. بەلنى ئەگكەندە ( )

B. پەقەت باشنى ئەگكەندە ( )

C. ئېگىلىپ باش بىلەن سۆڭگەچ تەكشى بولغاندا ( )

D. بەل تىكلىگەندە ( )

4. سوئال: توغرا سەجدە قانداق قىلىنىدۇ؟

A. پېشانە ۋە بۇرۇن بىلەن ( )

B. پېشانە، بۇرۇن، ئىككى قول، ئىككى تىز ۋە ئىككى پۇت بىلەن ( )

C. ئىككى قول، ئىككى تىز ۋە ئىككى پۇت بىلەن ( )

D. پەقەت پېشانە ۋە قوللار بىلەن ( )

5. سوئال: تەشەھھۇد مىقدارى ئاخىرقى ئولتۇرۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

A. ئىنچىكىلەپ تەكشۈرگۈچى ئۆلىمالار بۇنى ۋاجىب دەپ قارىغان. ( )

B. بەزى ئۆلىمالار بۇنى پەرز دەپ قارىغان. ( )

C. بۇ خالىغانچە قىلىنىدىغان بىر ئىش. ( )

D. پەقەت پەرز نامازلار ئۈچۈن پەرز. ( )

رۇخسەتسىز بېسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ

## 8- دەرس

# نامازنىڭ ۋاجىبلىرى ھەققىدە

**نامازنىڭ ۋاجىبلىرى:**

1. نامازنى مەخسۇس «اللە اَكْبَرْ (ئاللاھۇ ئەكبەر)» دېگەن تەكبىر بىلەن باشلاش؛



2. پەرز نامازلارنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە، ۋىتىر ۋە نەفلە نامازلىرىنىڭ ھەممە رەكئىتىدە فاتىھە ئوقۇش؛
3. پەرز نامازلارنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە، ۋىتىر ۋە نەفلە نامازلىرىنىڭ ھەممە رەكئىتىدە فاتىھەدىن كېيىن قىسقا بىر سۈرە ياكى ئۈچ ئايەت ئوقۇش؛
4. فاتىھەنى باشقا سۈرىلەردىن بۇرۇن ئوقۇش؛
5. ئىككى سەجدىنى ئارقىمۇئارقا قىلىش؛
6. جىمى ئەركانلارنى ئالدىرىماي، ئۆلچەملىك ئادا قىلىش؛
7. قەئدە ئەۋۋەلدە[11] تەشەھھۇد مىقدارى ئولتۇرۇش؛
8. قەئدە ئەۋۋەلدە ۋە قەئدە ئاخىردا[12] تەشەھھۇد دۇئاسى ئوقۇش؛
9. «ئەتتەھىياتۇ»نى ئوقۇپ بولۇپلا، تەخىر قىلماستىن، ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرۇش؛
10. نامازدىن ئىككى تەرەپكە سالام بېرىپ چىقىش؛
11. ۋىتىر نامىزىنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتىدە فاتىھە بىلەن بىر سۈرە ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قۇنۇت دۇئاسىنى ئوقۇش؛
12. ھېيت نامازلىرىدا ئادەتتىكى نامازلاردىكىگە قارىغاندا ھەر رەكئەتتە ئۈچ تەكبىرنى ئارتۇق ئېيتىش؛

---

11. قەئدە ئەۋۋەل: تۆت رەكئەتلىك نامازدا ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتتىن كېيىنكى ئولتۇرۇش.
12. قەئدە ئاخىر: تۆت رەكئەتلىك نامازدا ئاخىرقى رەكئەتتىن كېيىنكى ئولتۇرۇش.

13. ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدىكى رۇكۇ تەكبىرىنى ئېيتىش؛

14. بامدات، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە؛ جۈمە، ئىككى ھېيت، تەراۋىھ ۋە رامىزاندىكى ۋىتىر نامازلىرىدا ئىمامنىڭ قىرائەتنى ئۈنلۈك ئوقۇشى؛

15. قىرائەت ئۈنلۈك قىلىنىدىغان پەرز نامازلارنى يالغۇز ئوقۇغان كىشى قىرائەتنى خالىسا ئۈنلۈك، خالىسا ئۈنسىز قىلسىمۇ بولىدۇ، بىراق ئۈنلۈك قىلىش ئەۋزەل؛

16. ئىمام ۋە يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ پېشىن بىلەن ئەسىر نامازلىرىدا، شامنىڭ ئاخىرقى رەكئىتىدە، خۇپتەننىڭ كېيىنكى ئىككى رەكئىتىدە ۋە كۈندۈزدىكى نەفلە نامازلاردا قىرائەتنى ئۈنسىز قىلىشى؛

17. خۇپتەننىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە فاتىھەگە بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇمىغان كىشى ئۇنى كېيىنكى ئىككى رەكئەتتە فاتىھە بىلەن قوشۇپ ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ ۋە سەھۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ؛

18. ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتتە فاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشى كېيىنكى ئىككى رەكئەتتە قايتا ئوقۇمايدۇ، بەلكى سەھۋەنلىكنى تولۇقلاش ئۈچۈن سەھۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ.

**ئەسكەرتىش:** يۇقىرىدىكىلەر نامازدا ۋاجىب بولىدىغان ئىشلاردۇر. بۇلاردىن بىرىنى سەھۋەنلىك بىلەن تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ نامىزى كەمتۈك بولۇپ قالىدۇ ۋە سەھۋەنلىك سەجدىسى بىلەن تولۇقلىنىدۇ. ئەمما، قەستەن تەرك ئەتكەن كىشى نامازنى قايتا ئوقۇشى ۋاجىب، ئوقۇمىسا گۇناھكار بولىدۇ.

## كۆنۈكمە

**تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.**

**1. سوئال: نامازنى «ئاللاھۇ ئەكبەر» بىلەن باشلاشنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

A. سۈننەت ( )

B. پەرز ( )

C. ۋاجىب ( )

D. مۇستەھەب ( )

**2. سوئال: قايسى نامازلاردا فــاتىھە ئوقۇش ۋاجىب بولىدۇ؟**

A. پەرز نامازلارنىڭ ھەممە رەكئىتىدە ( )

B. پــەرز نامازلارنـــىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتــىدە، ۋىتىــر ۋە نەفلــە نامازلىرىنــىڭ ھەممــە رەكئىتــىدە ( )

C. ۋىتىر ۋە نەفلە نامازلىرىنىڭ ھەممە رەكئىتىدە ( )

D. ھېچبىرىدە ( )

3. ســوئال: قايســى نامــازلاردا ئىمامنــىڭ ئۈنلــۈك قىرائــەت قىلىشــى ۋاجــىب بولــىدۇ؟

A. پەقەت پەرز نامازلاردا ( )

B. شام نامىزىنىڭ ھەممە رەكئىتىدە ( )

C. بامدات، شـــام ۋە خـــۇپتەن نامازلىرىنــىڭ ئــاۋۋالقى ئىكـــكى رەكئىتىدە؛ جۈمە، ئىككى ھېيـــت، تەراۋىـــھ ۋە رامىزاندىكـى ۋىتىــر نامازلىرىدا ( )

D. بامدات، شـام ۋە خـۇپتەن نامازلىرىنــىڭ ھەممە رەكئىتىدە ( )

4. ســوئال: خۇپتــەن نامىزىنــىڭ ئاۋۋالقــى ئىككــى رەكئىتــىدە قىيامــدا تۇرغانــدا نېمــە ئوقۇلــىدۇ؟

A. فاتىھە بىلەن قىسقا بولسىمۇ بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ. ( )

B. قۇرئاندىن قايسى ئايەتنى ئوقۇسا بولىدۇ. ( )

C. فاتىھەنى ئوقۇسا يېتەرلىك. (   )

D. فاتىھەدىن كېيىن دۇئايى قۇنۇت ئوقۇلىدۇ. (   )

5. سوئال: نامازدىن قانداق چىقىش ۋاجىب بولىدۇ؟

A. ئىككى تەرەپكە سالام بېرىپ چىقىش (   )

B. پەقەت بىر تەرەپكە سالام بېرىپ چىقىش (   )

C. خالىغان بىر گەپ ياكى ھەرىكەت بىلەن چىقىش (   )

D. «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ چىقىش (   )

# 9- دەرس

## نامازنىڭ سۈننەتلىرى ھەققىدە



### نامازنىڭ سۈننەتلىرى:

1. تەكبىر تەھرىيمىنى ئېيتماقچى بولغاندا، بېشنى پەسلىۋالماي، تۈز تۇرۇش؛
2. تەكبىر تەھرىيمىدىن بۇرۇن ئىككى قولنى ئىككى قۇلىقىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرۈش؛
3. ئىككى قولنى كۆتۈرگەندە ئالقىنى ۋە بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىش؛
4. ئىككى قولنى كۆتۈرگەندە بارماقلىرى ئارىسىنى ئېچىپ تۇتۇش، ھەم يىغىۋالماسلىق، بەك كەڭمۇ ئېچىۋالماسلىق؛
5. ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، كىندىكنىڭ ئاستىدا تۇتۇش؛
6. ئوڭ قولنىڭ ئالقىنىنى سول قولنىڭ دۈمبىسىگە قويۇپ، باشمالتاق بىلەن چىمچىلاق بارماقنى بېغىشقا ھالقىلاش؛
7. ئىككى قولنى كىندىكى ئاستىغا قويغاندىن كېيىنلا سانا ئوقۇش؛ سانا دېگىنىمىز «سۇبھانەكەللاھۇممە ۋە بىھەمدىكە ۋەتەبارەكەسمۇكە ۋە تائالا جەددۇكە ۋەلا ئىلاھە غەيرۇكە» دېيىشتۇر.
8. فاتىھەدىن بۇرۇن «ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم» دېيىش؛
9. فاتىھەدىن بۇرۇن ھەر رەكئەتتە «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم» دېيىش؛
10. فاتىھەنى ئوقۇپ بولغان ھامان پەس ئاۋازدا «ئامىن» دېيىش؛
11. قىيامدا تۇرغاندا ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدا تۆت بارماق پاتقىچىلىك ئارىلىق قويۇش؛
12. پېشىن ۋە بامدات نامىزىدا فاتىھەدىن كېيىن «تىۋالى مۇپەسسەل»[13]دىن بىر سۈرە، ئەسىر ۋە خۇپتەن نامازلىرىدا «ئەۋساتى مۇپەسسەل»[14]دىن بىر سۈرە، شام نامىزىدا «قىسارى مۇپەسسەل»[15]دىن بىر سۈرە ئوقۇش؛
13. پەقەت بامدات نامىزىدىلا بىرىنچى رەكئەتنى ئىككىنچى رەكئەتتىن

13. تىۋالى مۇپەسسەل: «ھۇجرات» سۈرىسىدىن «بۇرۇج» سۈرىسىگىچە بولغان سۈرىلەرنى كۆرسىتىدۇ.
14. ئەۋساتى مۇپەسسەل: «بۇرۇج» سۈرىسىدىن «زۇھا» سۈرىسىگىچە بولغان سۈرىلەرنى كۆرسىتىدۇ.
15. قىسارى مۇپەسسەل: «زۇھا» سۈرىسىدىن «ناس» سۈرىسىگىچە بولغان سۈرىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈزۈنــراق ئوقــۇش؛

14. رۇكۇ قىلغاندا تەكبىر ئوقۇش؛

15. رۇكــۇ قىلغانــدا ئىككــى تىزىنــى ئىككــى قولــى بىلــەن بارماقلىــرى ئارىســنى ئوچــۇق تۇتــۇش؛

16. رۇكــۇ قىلغانــدا بېلىنــى ســوزۇپ تــۈرۈش، بېشــىنى ســۆڭگىچى بىلــەن تەكشــى هالەتتــە تۇتــۇش، ئىككــى پاچىقىنــى تــۈز تۇتــۇش؛

17. رۇكۇدا ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم «سۇبهانە رەببىيەلئەزىيم» دېيىش؛

18. ئەر كىشى رۇكۇ قىلغاندا ئىككى قولىنى بىقىنىدىن ئۈزاق تۇتۇش؛

19. ئىمــام رۇكۇدىــن بېشــىنى كۆتۈرگەنــدە «ســەمىئەللاهۇ لىمــەن هەمىــدەه» دېيىشــى، ئىقتىــدا قىلغۇچــى پــەس ئــاۋازدا «رەببەنــا ۋەلەكەلهەمــدۇ» دېيىشــى، يالغــۇز كىشــى هــەر ئىككىســىنى دېيىشــى؛

20. سەجدە قىلغاندا تەكبىر ئوقۇش؛

21. ســەجدە قىلغانــدا ئــاۋۋال ئىككــى تىزىنــى، ئاندىــن ئىككــى قولىنــى، ئاندىــن يۈزىنــى قويــۇش؛

22. ســەجدىدىن تۇرغانــدا ئــاۋۋال يۈزىنــى، ئاندىــن ئىككــى قولىنــى، ئاندىــن ئىككــى تىزىنــى كۆتــۈرۈش؛

23. سەجدە هالىتىدە يۈزىنى ئىككى ئالىقان ئارىسىدا قويۇش؛

24. ســەجدە هالىتىــدە قورســىقىنى ئىككــى يوتىســىدىن، ئىككــى جەينىكىنــى ئىككــى بىقىنىدىــن، ئىككــى بىلىكىنــى يەردىــن ئــۈزاق تۇتــۇش؛

25. ســەجدە هالىتىــدە ئىككــى پۇتىنــىڭ بارماقلىــرى قىبلــە تەرەپكــە قارىتىلغــان بولــۇش؛

26. ســەجدىدە ئــاز دېگەنــدە ئــۈچ قېتىــم پــەس ئــاۋازدا «ســۇبهانە رەببىيەلئەئــلا» د يېيش ؛

27. سەجدىدىن باش كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىش؛

28. ئۆزرىســى بولمىغــان ئەهۋالــدا ســەجدىدىن تۇرغانــدا ئولتۇرماســتىن ۋە يەرگــە تاياناماســتىن تــۇرۇش؛

29. ئىككــى ســەجدە ئارىســىدا خــۇددى تەشــەههۇدتىكىگە ئوخشــاش ئىككــى قولىنــى ئىككــى يوتىســىنىڭ ئۈســتىگە قويــۇش؛

30. قەئــدە ئــەۋۋەل ۋە قەئــدە ئاخىردىكــى ئولتۇرۇشــتا ســول پۇتىنــى ياتقــۇزۇپ، ئــوڭ پۇتىنــى تىكلــەش؛

31. تەشــەههۇد ئوقۇۋېتىــپ «لائىلاهــە» دېگەنــدە كۆرســەتكۈچ بارمىقىنــى كۆتــۈرۈپ، «ئىللەلــلاه» دېگەنــدە چۈشــۈرۈپ ئىشــارەت قىلىــش؛

32. پىشىن، ئەسىر ۋە خۇپتەن نامازلىرىنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىدە ۋە شام نامىزىنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتىدە فاتىھەنى ئوقۇش؛

33. قەئدە ئاخىرىدا تەشەھھۇدتىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ئوقۇش؛

34. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، قۇرئان ۋە ھەدىستە كەلگەن دۇئالار بىلەن ئۆزى ئۈچۈن دۇئا قىلىش؛

35. ھەدىستە كەلگەن دۇئالاردىن بىرى: «اللّهمّ إنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي ظُلْمًا كَثِيرًا، وَلا يَغْفِر الذُّنوبَ إلاّ أَنْتَ، فَاغْفِر لي مغْفِرَةً مِن عِنْدِك، وَارحَمْني، إنّك أَنْتَ الْغَفور الرَّحِيم (ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن ئۆز نەپسىمگە (گۇناھ ئۆتكۈزۈش بىلەن) كۆپ زۇلۇم قىلدىم، ماڭا ئۆز پەزلىڭدىن مەغپىرەت ئاتا قىلغىن، ماڭا مەرھەمەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇرسەن»[16]؛

36. «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دېگەندە ئوڭ ۋە سول تەرەپكە بۇرۇلۇش؛

37. (بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە) يۆتكىلىش تەكبىرلىرىنى ئىمام ئۈنلۈك، ئىقتىدا قىلغۇچى ئۈنسىز دېيىش؛

38. «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ»نى ئىمامنىڭ ئۈنلۈك، ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئۈنسىز دېيىشى؛

39. ئىمامنىڭ ئىككى قېتىملىق سالامدا (ئوڭ ـ سولدىكى) ئەر جامائەتلەرنى، مۇھاپىزەتچى پەرىشتىلەرنى ۋە سالىھ جىنلارنى نىيەت قىلىشى، ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ بولسا ئىمام تەرەپتىكى جامائەت بىلەن بىرگە ئىمامنى، يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ پەقەت پەرىشتىلەرنى نىيەت قىلىشى؛

40. ئىمامنىڭ ئاۋازىنى ئىككىنچى قېتىملىق سالامدا بىرىنچى قېتىملىق سالامدىن پەسەرەك قىلىشى؛

41. سالامنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاش؛

42. ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ سالامىنى ئىمامنىڭ سالامى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا بولۇش؛

43. نامازنىڭ مەلۇم قىسمىغا ئۈلگۈرەلمىگەن كىشى ئىمام ئىككى تەرەپكە سالام بېرىپ بولغۇچە كۈتۈپ تۇرۇشى، ئىمام ئىككى سالامنى بېرىپ بولغۇچە چالا قالغان نامىزىنى تولۇقلاش ئۈچۈن تۇرۇپ كەتمەسلىكى.

**ئەسكەرتىش:** نامازنىڭ كامىل ئادا بولۇشى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەن نامازنى قانداق ئوقۇغان بولسام، سىلەرمۇ شۇنداق ئوقۇڭلار»[17] دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن، يۇقىرىدىكى سۈننەتلەرگە ئەمەل قىلىش زۆرۈردۇر.

16. «بۇخارىي»، 834 ـ ھەدىس.
17. «بۇخارىي»، 631 ـ ھەدىس.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. تەكبىر تەھرىيمىنى ئىيتماقچى بولغاندا، بېشىنى پەسلىۋالماي، تۈز تۇرۇش ( )

B. تەكبىر تەھرىيمىدىن بۇرۇن ئىككى قولنى كۆكرىكىنىڭ ئۈدۈلىغىچە كۆتۈرۈش ( )

C. فاتىھەدىن بۇرۇن ھەر رەكئەتتە «ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم» دېيىش ( )

D. فاتىھەدىن بۇرۇن ھەر رەكئەتتە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېيىش ( )

2. سوئال: رۇكۇ ھەققىدە دېيىلگەنلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. رۇكۇ قىلغاندا «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دېيىش ( )

B. رۇكۇ قىلغاندا ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىنى ئۇچۇق قويغان ھالدا ئىككى تىزىنى تۇتۇپ تۇرۇش ( )

C. رۇكۇ قىلغاندا بېلىنى تىك تۇتۇش، بېشىنى سۆڭگىچى بىلەن تەكشى ھالەتتە تۇتۇش، ئىككى پاچىقىنى تۈز تۇتۇش ( )

D. رۇكۇدا «سۇبھانە رەببىيەلئەزىيم » دېمەسلىك ( )

3. سوئال: سەجدە ھەققىدە دېيىلگەنلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. سەجدە قىلغاندا ئاۋۋال ئىككى تىزنى، ئاندىن ئىككى قولنى، ئاندىن يۈزنى قويۇش ( )

B. سەجدە ھالىتىدە يۈزنى ئىككى ئالىقان ئارىسىدا قويۇش ( )

C. سەجدە ھالىتىدە ئىككى پۇتىنىڭ بارماقلىرى قىبلە تەرەپكە قارىتىلغان بولۇش ( )

D. بۇنداق تەرتىپكە رىئايە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ( )

4. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. قەئـدە ئـەۋۋەل ۋە قەئـدە ئاخىردىكـى ئولتۇرۇشـتا سـول پۇتنـى ياتقـۇزۇپ، ئـوڭ پۇتنـى تىكلـەش (   )

B. ئىككـى سـەجدە ئارىسـىدا خـۇددى تەشـەھھۇدتىكىگە ئوخشـاش ئىككـى قولنـى ئىككـى يوتىسـىنىڭ ئۈسـتىگە قويـۇش (   )

C. قەئـدە ئاخىرىـدا دۇئادىـن كېيىـن پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمگە دۇرۇت ئوقـۇش (   )

D. سەجدىدىن باش كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىش (   )

5. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. سالامنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاش (   )

B. «ئەسسـالامۇئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ»نـى ئىمامنىـڭ ئۈنلـۈك، ئىقتىـدا قىلغۇچىنىـڭ ئۈنسـىز دېيىشـى (   )

C. «ئەسسـالامۇئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇلـلاھ» دېگەنـدە ئـوڭ ۋە سـول تەرەپكـە بۇرۇلـۇش (   )

D. ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ سالامى ئىمامنىڭ سالامىدىن كېيىن بولۇش (   )

# 10- دەرس

## نامازنىڭ مۇستەھەبلىرى ھەققىدە



1. ئەر كىشى تەكبىر تەھرىيمىي باغلىغاندا، چاپىنىدىن ياكى چاپىنىنىڭ يېڭىدىن قولىنى چىقىرىدۇ، ئايال كىشى قولىنى چىقارمايدۇ؛
2. قىيامدا تۇرغاندا سەجدىگاھقا قاراپ تۇرۇش؛
3. رۇكۇ قىلغاندا ئىككى پۇتىنىڭ ئۈستىگە قاراپ تۇرۇش؛
4. سەجدە ھالىتىدە بۇرۇنىنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇرۇش؛
5. ئولتۇرغاندا قۇچىقىغا قاراپ ئولتۇرۇش؛
6. سالام بەرگەندە مۈرىسىگە قاراش؛
7. ئىمكانقەدەر يۆتەل ۋە ئەسنەكنى توسۇۋېلىش؛
8. ئاماللىسىز ئەسنىمەكچى بولغاندا ئېغىزنى يۇمۇۋېلىش؛
9. قەئدە ئەۋۋەل ۋە قەئدە ئاخىردا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان تەشەھھۇدنى[18] ئوقۇش؛

پەقەت ۋىتىردا «اللَّهُمَّ إِنَّا نَسْتَعِينُكَ وَنَسْتَغْفِرُكَ، وَنُؤْمِنُ بِكَ وَنُثْنِي عَلَيْكَ الْخَيْرَ، وَلَا نَكْفُرُكَ وَنَخْلَعُ وَنَتْرُكُ مَنْ يَفْجُرُكَ، اللَّهُمَّ إِيَّاكَ نَعْبُدُ، وَلَكَ نُصَلِّي، وَنَسْجُدُ، وَإِلَيْكَ نَسْعَى وَنَحْفِدُ، وَنَرْجُو رَحْمَتَكَ، وَنَخْشَى عَذَابَكَ، إِنَّ عَذَابَكَ الْجِدَّ بِالْكُفَّارِ مُلْحِقٌ»[19] دېگەن دۇئانى ئوقۇش.

نامازنىڭ كامىل ئادا بولۇشى ئۈچۈن يۇقىرىدىكى مۇستەھەب ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىش ياخشى.

---

18. مۇنۇ تەشەھھۇدنى دېمەكچى: «التَّحِيَّاتُ لِلَّهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ، السَّلَامُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللَّهِ وَبَرَكَاتُهُ، السَّلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللَّهِ الصَّالِحِينَ، أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ».
19. «سۈنەنۇل كۇبرا»، 3142 - ھەدىس.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: نامازدا تەكبىر تەھرىيمە باغلىماقچى بولغاندا نېمە قىلىنىدۇ؟

A. ئەر كىشى چاپىنىنىڭ يېڭىدىن قولىنى چىقىرىدۇ، ئايال كىشى چىقارمايدۇ. ( )

B. ھەر كىشى چاپىنىنىڭ يېڭىدىن قولىنى چىقىرىدۇ. ( )

C. ئايال كىشى چاپىنىنىڭ يېڭىدىن قولىنى چىقىرىدۇ، ئەر كىشى چىقارمايدۇ. ( )

D. ھەر كىشىگە چاپىنىنىڭ يېڭىدىن قولىنى چىقىرىش مەكرۇھ. ( )

2. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى مۇستەھەب ئەمەس؟

A. قىيامدا تۇرغاندا سەجدىگاھقا قاراپ تۇرۇش ( )

B. رۇكۇ قىلغاندا ئىككى تىزىنىڭ ئۈستىگە قاراپ تۇرۇش ( )

C. سەجدە ھالىتىدە بۇرۇنىنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇرۇش ( )

D. ئولتۇرغاندا قۇچىقىغا قاراپ ئولتۇرۇش ( )

3. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى مۇستەھەب؟

A. سالام بەرگەندە يېنىدا ئولتۇرغان كىشىگە قاراش ( )

B. يۆتەل ۋە ئەسنەكنى كەلگىلى قويۇش ( )

C. ئەسنىمەكچى بولغاندا ئېغىزىنى ئېچىپ ئەسنەش ( )

D. رۇكۇ قىلغاندا ئىككى پۇتىنىڭ ئۈستىگە قاراپ تۇرۇش ( )

4. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. قىيامدا تۇرغاندا سەجدىگاھقا قاراپ تۇرۇش ( )

B. قىيامدا تۇرغاندا يەرگە قاراپ تۇرۇش ( )

C. قىيامدا تۇرغاندا كۆكسىگە قاراپ تۇرۇش ( )

D. قىيامدا تۇرغاندا ئالدى تەرەپكە قاراپ تۇرۇش ( )

5. سوئال: نامازدا سالام بەرگەندە قانداق قىلىش توغرا؟

A. سالام بەرگەندە مۈرىسىگە قاراش (  )

B. سالام بەرگەندە يېنىدىكى كىشىگە قاراش (  )

C. ئوڭ تەرەپكە سالام بەرگەندە مۈرىسىگە، سول تەرەپكە سالام بەرگەندە يېنىدىكى كىشىگە قاراش (  )

D. سالام بەرگەندە كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇش (  )

## نامازنى بۇزىدىغان ۋە بۇزمايدىغان ئامىللار



### نامازنى بۇزىدىغان ئامىللار:

1. نامازنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى چالا قالسا؛

2. نامازنىڭ ئەركانلىرىدىن بىرى تەرك ئېتىلسە ؛

3. ناماز ئوقۇش جەريانىدا قەستەن، سەۋەنلىك بىلەن ياكى خاتالىشىپ گەپ قىلىپ سالسا؛

4. «ئى ئاللاھ! پالانخاننى ماڭا تويلاپ قويسىلا! ئى ئاللاھ! ماڭا بىر ئالما يېگۈزۈپ قويسىلا!» دېگەنگە ئوخشاش، ئىنسانلارنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان گەپلەرنى قىلسا؛

5. قەستەن، سەۋەنلىك بىلەن ياكى خاتالىشىپ بىرەر كىشىگە سالام قىلسا ياكى سالامغا تىلى يا قولى ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرسا (ئىشارەت ئارقىلىق سالامغا جاۋاب قايتۇرسا، ناماز بۇزۇلمايدۇ)؛

6. كۆپ ھەرىكەت قىلسا؛

7. بەدىنىنى قىبلىدىن باشقا تەرەپكە بۇرسا؛

8. ئاز بولسىمۇ بىرەر نەرسە يېسە ياكى ئىچسە؛

9. چىشلىرى ئارىسىغا كىرىۋالغان نەرسىنى يەۋەتسە ۋە يېگەن نەرسە پۇرچاقچىلىك چوڭلۇقتا بولسا؛

10. زۆرۈرىيەتسىز يۆتەلسە؛

11. ئاللاھتىن قورقۇپ ئەمەس، بەلكى باشقا سەۋەبلەردىن ئاھ ئۇرسا، «ئۇف» دېسە ياكى ئىڭرىسا؛

12. ئىختىيارسىز ئىڭراپ سالىدىغان ياكى ئاھ ئۇرىدىغان بىمار بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ، بۇنداق كىشىنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدۇ؛

13. ئاللاھتىن قورقۇپ ياكى جەننەت ۋە دوزاخنى ئەسلەپ ئەمەس، بەلكى ئاغرىق ياكى مۇسىبەتتىن ئۈن سېلىپ يىغلىغان بولسا؛

14. نامازنىڭ بىرەر رۇكنىنى ئادا قىلىش ئەسناسىدا نامازخاننىڭ ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالسا؛

15. نامازنىڭ بىرەر رۇكنىنى ئادا قىلىش ئەسناسىدا نامازخاننىڭ بەدىنىدە، كىيىمىدە ياكى ناماز ئوقۇغان جايدا نىجاسەت بارلىقى مەلۇم بولسا؛

16. نامازخان ساراڭ بولۇپ قالسا؛

17. نامازخان بىھوش بولۇپ قالسا؛

18. بامدات نامىزى ئوقۇۋاتقاندا كۈن چىقىپ قالسا؛

19. ئىككى ھېيت نامىزى ئوقۇۋاتقاندا كۈن قايرىلغان بولسا؛

20. جۈمە نامىزى ئوقۇۋاتقاندا ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرىپ قالسا؛

21. تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇغان كىشى ناماز ئەسناسىدا سۇ كۆرسە ۋە سۇنى ئىشلىتىشكە قادىر بولسا؛

22. نامازخاننىڭ ئۆزى ياكى باشقا بىرىنىڭ قىلىقى سەۋەبلىك تاھارىتى بۇزۇلغان بولسا؛

23. «ئاللاھۇ ئەكبەر (الله أكبر)» دىكى «ئەكبەر» كەلىمىسىنىڭ ھەمزىسىنى سوزۇپ ئوقۇپ قويسا؛

24. قۇرئاننى قاراپ قىرائەت قىلسا؛

25. نامازخان تەرتىپ بىلەن قازاسىنى قىلىشى ۋاجىب بولغان بىرقانچە نامازنى ئادا قىلىش جەريانىدا قېپقالغان بىرەر نامازنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە ئالسا؛

26. ئىمامنىڭ ناماز ئەسناسىدا تاھارىتى سۇنۇپ كېتىپ، ئىماملىققا نالايىق بىرىنى ئورنىدا تۇرغۇزۇپ قويغان بولسا؛

27. تاھارىتىنىڭ سۇنۇپ كەتكەنلىكىدىن شۇبھىلىنىپ، مەسجىدتىن چىقىپ كەتكەن ياكى سەپلەردىن ئاتلاپ بولغان ياكى سىرتلاردا ناماز ئوقۇغاندا سۇترەنى[20] تاشلاپ كەتكەن بولسا؛

28. ناماز ئەسناسىدا ئاۋازلىق كۈلگەن بولسا؛

29. ناماز ئەسناسىدا ئاز ياكى كۆپ ھەرىكەت بىلەن ئۆتۈكنى سالغان

20. سۇترە: نامازخان باشقىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ نامىزىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن تىكلەپ قويىدىغان ياغاچ ياكى باشقا نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

بولسا؛

30. ئىقتىدا قىلغۇچى ئىمامدىن بۇرۇن رۇكۇ قىلسا؛

31. ئىمامدىن بۇرۇن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ سالغان ئادەم دەرھال ئىمام بىلەن قايتىدىن رۇكۇ قىلمىسا؛

32. ناماز ئەسناسىدا بىرەر ئايال زاتىغا قاراپ، گۆزەللىكىنى ئويلاش ياكى ئېھتىلام بولۇش بىلەن جۇنۇب بولۇپ قالسا.

ناماز ئوقۇش جەريانىدا يۇقىرىدىكى ئىشلاردىن بىرى سادىر بولسا، ناماز بۇزۇلىدۇ.

**نامازنى بۇزمايدىغان ئامىللار:**

سەۋەنلىكتىن نامازدىن چىقىش ئۈچۈن سالام بەرسە؛

بىرەر كىشى سەجدىگاھىدىن ئۆتسە؛

چىشلىرى ئارىسىغا كىرىۋالغان پۇرچاقتىن كىچىكرەك نەرسىنى يېسە؛

مەكتۇپقا قارىسا ۋە (مەزمۇننى) چۈشەنگەن بولسا.

يۇقىرىدىكى ئىشلار بىلەن ناماز بۇزۇلمايدۇ.

## كۆنۈكمە

**تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.**

1. سوئال: ناماز ئەسناسىدا قۇرئانغا قاراپ قىرائەت قىلىشنىڭ ھۆكمى نىمە؟

A. قۇرئانغا قاراپ قىرائەت قىلسا، ناماز بۇزۇلمايدۇ. (  )

B. پەقەت ئىمام قۇرئانغا قاراپ قىرائەت قىلسا بولىدۇ. (  )

C. پەقەت يالغۇز ناماز ئوقۇغاندا قۇرئانغا قارىسا بولىدۇ. (  )

D. قۇرئانغا قاراپ قىرائەت قىلسا، ناماز بۇزۇلىدۇ. (  )

2. سوئال: ناماز ئەسناسىدا تاھارەت سۇنغاندەك ھېس قىلغان كىشى قانداق قىلىدۇ؟

A. نامىزنى بۇزۇۋېتىدۇ. (  )

B. دەرھال تاھارەت ئېلىپ، نامىزنى داۋاملاشتۇرىدۇ. (  )

C. نامىزنى توختىتىپ بولۇپ قايتا تاھارەت ئېلىدۇ ۋە قايتا ناماز ئوقۇيدۇ. (  )

D. شۈبھىلەنگەن بىلەن، تاھارىتىنىڭ سۇنغانلىقىغا جەزم قىلمىسا، نامىزنى داۋاملاشتۇرىدۇ. (  )

3. سوئال: نامازخان نامىزىنىڭ بىرەر رۈكنىنى ئادا قىلىش ئەسناسىدا نىملەرنى كۆرسە ياكى بىلسە نامىزى بۇزۇلىدۇ؟

A. بەدىنىدە، كىيىمىدە ياكى ناماز ئوقۇغان جايدا نىجاسەت بارلىقىنى (  )

B. ئىمامنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىنى بىلسە (  )

C. سەپتە بوشلۇق بارلىقىنى كۆرسە (  )

D. يېنىدىكى كىشىنىڭ تاھارىتى يوقلۇقىنى بىلسە (  )

4. سوئال: تۆۋەندىكى قايسى ئەھۋالدا ناماز بۇزۇلمايدۇ؟

A. نامازخان ناماز ئوقۇش جەريانىدا بىھوش بولۇپ قالسا (  )

B. بىمار ئىختىيارسىز ئىڭرىسا ياكى ئىنجىقلىسا (  )

C. نامازدا تۇرۇپ تاھارىتى سۇنۇپ كەتسە ( )

D. ئىمامدىن بۇرۇن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈۋالغان ئىقتىدا قىلغۇچى دەرھال قايتىدىن رۇكۇ قىلمىسا ( )

5. سوئال: بامدات نامىزى ئەسناسىدا كۈن چىقىپ قالسا، ناماز بۇزۇلامدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟

A. بۇزۇلىدۇ، نامازنى تېزلىتىپ ئوقۇپ تۈگىتىش كېرەك. ( )

B. سۈننەتلىرىنى قىلماي پەرزىنىلا ئوقۇش كېرەك. ( )

C. ناماز بۇزۇلىدۇ، كۈن چىققاندىن كېيىن قايتا ئوقۇش كېرەك. ( )

D. ناماز بۇزۇلىدۇ، لېكىن قايتا ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ. ( )

6. سوئال: زۆرۈرىيەتسىز يۆتەلسە، ناماز بۇزۇلامدۇ؟

A. زۆرۈرىيەتسىز يۆتەلسە ناماز بۇزۇلىدۇ. ( )

B. زۆرۈرىيەتسىز ئۈچ قېتىم يۆتەلسە ناماز بۇزۇلىدۇ. ( )

C. زۆرۈرىيەتسىز يۆتەلسە، ناماز بۇزۇلمايدۇ. ( )

D. ئاستا يۆتەلسە، ناماز بۇزۇلمايدۇ. ( )

7. سوئال: ئىمامدىن بۇرۇن رۇكۇ قىلسا نامىزى بۇزۇلامدۇ؟

A. ئىمامدىن بۇرۇن رۇكۇ قىلسا، نامىزى بۇزۇلىدۇ. ( )

B. رۇكۇنى ئىمامدىن بۇرۇن ياكى كېيىن قىلىش چوڭ مەسىلە ئەمەس. ( )

C. ئىمامدىن بۇرۇن رۇكۇ قىلسا گۇناھكار بولىدۇ، ئەمما نامىزى بۇزۇلمايدۇ. ( )

D. ئىمامدىن بۇرۇن رۇكۇ قىلسا نامىزى بۇزۇلمايدۇ، ئەمما نامىزىنى قايتا ئوقۇشى مۇستەھەب بولىدۇ. ( )

8. سوئال: ناماز ئەسناسىدا كۈلسە، ناماز بۇزۇلامدۇ؟

A. ئاۋازلىق كۈلسە، نامىزى بۇزۇلمايدۇ. ( )

B. ئاۋازلىق كۈلسە، نامىزى بۇزۇلىدۇ. ( )

C. ئاۋازسىز كۆڭلۈمسىرسە، نامىزى بۇزۇلىدۇ. ئەمما ئاۋازلىق كۈلسە، نامىزى بۇزۇلمايدۇ. ( )

D. نامازنىڭ ئاخىرىدا ئاۋازلىق كۈلسە، نامىزى بۇزۇلمايدۇ. ( )

9. سوئال: تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن قايسى بىرىنى قىلىش بىلەن ناماز بۇزۇلىدۇ؟

A. بىرەر كىشى سەجدىگاھىدىن ئۆتسە ( )

B. چىشلىرى ئارىسىغا كىرىۋالغان پۇرچاقتىن چوڭراق نەرسىنى يېسە ( )

C. مەكتۇپقا قارىسا ۋە (مەزمۇنىنى) چۈشەنگەن بولسا ( )

D. سەۋەنلىكتىن نامازدىن چىقىش ئۈچۈن سالام بەرسە ( )

10. سوئال: تۆۋەندىكى ئىشلارنىڭ قايسىسى نامازنى بۇزمايدۇ؟

A. كۆپ ھەرىكەت قىلسا ( )

B. بەدىنىنى قىبلىدىن باشقا تەرەپكە بۇرىسا ( )

C. چىشلىرى ئارىسىغا كىرىۋالغان پۇرچاقچىلىك نەرسىنى يەۋەتسە ( )

D. ئىشارەت ئارقىلىق سالامغا جاۋاب قايتۇرسا ( )

## 12- دەرس

رۇخسەتسىز بېسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ

# نامازدا مەكرۇھ بولىدىغان ۋە بولمايدىغان ئىشلار



### نامازدا مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار:

1. نامازنىڭ سۈننەتلىرىدىن بىرەرسىنى تەرك ئېتىش؛
2. كىيىم ياكى بىرەر ئەزانى ئويناپ تۇرۇش؛
3. مۆتىۋەر كىشىلەرنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىشتىن خىجىل بولىدىغان ئىش كىيىملىرىدە ناماز ئوقۇش؛
4. نامازدا بىرەر نەرسىگە تايىنىپ تۇرۇش؛
5. ھاجەتسىز ئوڭ - سول تەرەپكە بۇرۇلۇش؛
6. بىراۋنىڭ چىرايىغا قاراپ ناماز ئوقۇش؛
7. چوڭ - كىچىك تەرەت ياكى يەل قىستىغاندا ناماز ئوقۇش؛
8. باشقىلارنىڭ يېرىدە رازىلىقىنى ئالماستىن ناماز ئوقۇش؛
9. ئوت تەرەپكە ياكى ئوت كۆيۈۋاتقان تونۇرغا قاراپ ناماز ئوقۇش؛
10. مۇنچە ۋە ھاجەتخانا دېگەندەك ناپاك جايلاردا ناماز ئوقۇش؛
11. يول ئۈستىدە ناماز ئوقۇش؛
12. قەبرىستانلىقتا ناماز ئوقۇش؛
13. نىجاسەتكە يېقىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇش؛
14. ھېچقانداق ئۆزرىسى بولمىغان ئەھۋالدىمۇ ناماز ئوقۇش جائىز بولىدىغان ئاز نىجاسەت بىلەن ناماز ئوقۇش؛
15. جانلىقلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كىيىملەردە ناماز ئوقۇش؛
16. ئۈستى تەرەپتە ياكى ئالدى - كەينىدە سۈرەت بار ئورۇندا ناماز ئوقۇش؛
17. بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىش؛
18. بارماقلىرىنى گىرەلەشتۈرۈش؛
19. ئۆزرىسىز چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇش؛

20. ئىتتەك[21] ئولتۇرۇش؛

21. سەجدىدە ئىككى بىلىكىنى يەرگە چاپلىۋېلىش؛

22. ئىككى قولىنى بېقىنىغا قويۇۋېلىش؛

23. ئىككى يېڭىنى تۈرۈۋېتىش؛

24. پەقەت ئىشتان بىلەن ياكى كۆڭلىكى بار تۇرۇپ كالتا ئىشتان بىلەن ناماز ئوقۇش.

25. ئۆزرىسىز ياكى پايدىسىز يالاڭباشتاق ناماز ئوقۇش؛

26. ئالدىنقى سەپتە بوش يەر بار تۇرۇپ كەينى سەپتە ناماز ئوقۇش؛

27. ئايەتلەرنى ۋە زىكىرلەرنى بارماق بىلەن ساناش؛

28. ناماز ئەسناسىدا ھېچقانداق دەخلىسى بولمايدىغان توپىلارنى يۈزىدىن سۈرتۈۋېتىش؛

29. ئۆزرىسىز پېشانە بىلەنلا سەجدە قىلىش؛

30. تاماق كەلگەندە كۆڭلى تاماقنى ئىشتىھا قىلىۋاتقان تۇرۇپ، ناماز ئوقۇش؛

31. مەلۇم سۈرىنى بەلگىلىۋېلىپ، باشقىسىنى ئوقۇماسلىق؛

32. پەرز نامازنىڭ ھەر ئىككى رەكئىتىدە باشقا سۈرىنىمۇ ياد بىلىدىغان تۇرۇپ بىر سۈرىنى تەكرار ئوقۇش؛

33. پەرز نامازلاردا سۈرىلەرنىڭ تەرتىپىنى قەستەن بۇزۇپ ئوقۇش؛

34. ئىككىنچى رەكئەتنى بىرىنچى رەكئەتتىن بەكرەك ئۇزۇن ئوقۇش؛

35. قول ياكى پۇتنىڭ بارماقلىرىنى سەجدىدە ياكى باشقا ھالەتلەردە قىبلىدىن باشقا ياققا بۇراش؛

36. سەللىگە ياكى جانلىق نەرسىلەرنىڭ سۈرىتى ئۈستىگە سەجدە قىلىش؛

37. پەرز نامازلاردىكى قىرائەتتە ئىككى سۈرە ئارىسىدىكى قىسقا بىر سۈرىنى تاشلاپ قويۇش. مەسىلەن، بىرىنچى رەكئەتتە تەكاسۇر سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئەتتە ھۇمەزە سۈرىسىنى ئوقۇپ، ئەسر سۈرىسىنى تاشلاپ قويۇش؛

38. رۇكۇدا قولىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويماسلىق؛

39. تەشەھھۇدتا ۋە ئىككى سەجدە ئارىسىدىكى ئولتۇرۇشتا قولىنى يوتىسىنىڭ ئۈستىگە قويماسلىق؛

40. ئەسنەش (ئەگەر ئەسنەك بېسىۋالسا، ئېغىزىنى ئوڭ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن تۇسۇۋالسۇن)؛

41. ئىشارەت بىلەن سالامغا جاۋاب قايتۇرۇش؛

---

21. ئىت ئولتۇرۇشى: ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ تەشەھھۇدتا ۋە ئىككى سەجدە ئارىسىدا، كاسىسىنى يەرگە قويۇپ، تىزىنى كۆكسىگە تاقاشتۇرغان ھالدا ئىككى پۇتىنى ئالدىغا چىقىرىپ ۋە ئىككى قولىنى يەرگە قويۇپ ئولتۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

42. پىت ئۆلتۈرۈش؛
43. بېشنى لۆڭگە بىلەن تېڭىۋېلىپ، بېلىنى ئوچۇق قويۇپ ناماز ئوقۇش؛
44. چېچىنى تۈگۈۋېلىپ ناماز ئوقۇش؛
45. رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغاندا تونىيا يۇقۇپ قىلىشتىن ئەنسىرەپ، كىيىمنى ئالدىدىن ياكى كەينىدىن كۆتۈرۈش؛
46. كىيىمنى بېشىغا ياكى ئىككى مۈرىسىگە ئارتىۋېلىپ، ئىككى تەرىپىنى قويۇپ بېرىش؛
47. ئىشتان ياكى كۆڭلەكنى ئوشۇقنىڭ ئاستىغىچە قويۇپ بېرىش؛
48. قىرائەت تامام بولۇشتىن بۇرۇن رۇكۇ قىلىش ۋە داۋامىنى رۇكۇدا تاماملاش؛
49. ئىمامنىڭ ئۆزرىسىز مېھرابنىڭ ئىچىگە تولۇق كىرىپ تۇرۇشى؛
50. ئىمامنىڭ ئۆزى يالغۇز ئۆزرىسىز پەس ئورۇندا تۇرۇشى ياكى تەخمىنەن 46 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە تۇرۇشى. ئەگەر ئىقتىدا قىلغۇچىلاردىن بىرى ئىمام بىلەن بىرگە تۇرسا، ناماز مەكرۇھ بولمايدۇ؛
51. سەۋەبسىز ئىككى كۆزنى يۇمۇۋېلىش؛
52. ئاسمانغا قاراش.

**ئەسكەرتىش:** نامازدا يۇقىرىدىكى ئىشلاردىن قايسىبىرىنى قىلىش مەكرۇھ بولۇپ، نامازغا نۇقسانلىق يېتىپ قالماسلىق ئۈچۈن، بۇنداق ئىشلاردىن ساقلىنىش لازىم:

**نامازدا مەكرۇھ بولمايدىغان ئىشلار:**

1. يۈزنى بۇرىماستىن كۆزنى يۈگۈرتۈش؛
2. قۇرئان تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇش؛
3. گەپ قىلىپ ئولتۇرغان كىشىنىڭ ئۈچىسىغا قاراپ ناماز ئوقۇش؛
4. پانۇس ياكى چىراغ تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇش؛
5. نەفلە نامازلاردا ئىككى رەكئەتتە ئوخشاش سۈرە ئوقۇش؛
6. نامازدىن كېيىن پېشانىسىدىكى توپا ياكى ئوت - چۆپ دېگەندەك نەرسىلەرنى سۈرتۈۋېتىش؛
7. ناماز ئەسناسىدا بىئارام قىلىدىغان ياكى دىققەتنى چېچىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى سۈرتۈۋېتىش؛
8. يىلان ياكى چايان چېقىۋېلىشىدىن قورقسا، ئۆلتۈرۈۋېتىش؛
9. رۇكۇ ياكى سەجدىدە بەدەنگە چاپلىشىپ قالغان كىيىمنى سىلكىۋېتىش؛
10. سۈرەت ئۈستىگە سەجدە قىلماسلىق شەرتى بىلەن جانلىق نەرسىلەرنىڭ سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن بىساتلار ئۈستىدە ناماز ئوقۇش؛
11. ئېسىپ قويۇلغان قىلىچ تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇش.

## كۆنۈكمە

**تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.**

1. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسى ئىش مەكرۇھ بولمايدۇ؟

A. رۇكۇ ھالىتىدە بەدەنگە چاپلىشىپ قالغان كىيىمنى سىلكىۋېتىش ( )

B. نامازنىڭ سۈننەتلىرىدىن بىرەرسىنى تەرك ئېتىش ( )

C. كىيىم ياكى بىرەر ئەزانى ئويناپ تۇرۇش ( )

D. سەللە كىيىپ ناماز ئوقۇش ( )

2. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسى ئىش مەكرۇھ ئەمەس؟

A. باشقىلارنىڭ يېرىدە رازىلىقنى ئالماستىن ناماز ئوقۇش ( )

B. چوڭ ـ كىچىك تەرەت ياكى يەل قىستىغاندا ناماز ئوقۇش ( )

C. بىراۋنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇش ( )

D. ھاجەتسىز ئوڭ ـ سول تەرەپكە بۇرۇلۇش ( )

3. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسى ئىش مەكرۇھ؟

A. ئالمىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كىيىملەردە ناماز ئوقۇش ( )

B. ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە ناماز ئوقۇش ( )

C. مېھمان سارىيىدا ناماز ئوقۇش ( )

D. يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناماز ئوقۇش ( )

4. سوئال: پەرز نامازلاردا سۈرىلەرنىڭ تەرتىپىنى قەستەن بۇزۇش نامازغا قانداق تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ؟

A. ھارام، نامازنى بۇزىدۇ. ( )

B. ھارام، نامازنى بۇزمايدۇ. ( )

C. مەكرۇھ، نامازنى بۇزمايدۇ. ( )

D. مەكرۇھ ئەمەس، نامازنى بۇزمايدۇ. ( )

5. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن مەكرۇھ بولغىنى قايسى؟

A. يۈزنى بۇرىماستىن كۆزنى يۇگۈرتۈش ( )

B. ئاسمانغا قاراش ( )

C. قۇرئان تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇش ( )

D. گەپ قىلىپ ئولتۇرغان كىشىنىڭ ئۇچىسىغا قاراپ ناماز ئوقۇش ( )

6. سوئال: نامازدا ئۆزرىسىز پېشانە بىلەنلا سەجدە قىلىشنىڭ ھۆكمى نىمە؟

A. ھارام، نامازنى بۇزىدۇ. ( )

B. ھارام، نامازنى بۇزمايدۇ. ( )

C. مەكرۇھ، نامازنى بۇزمايدۇ. ( )

D. مەكرۇھ ئەمەس، نامازنى بۇزمايدۇ. ( )

7. سوئال: نەفلە نامازلاردا ئىككى رەكئەتتە ئوخشاش سۈرە ئوقۇشنىڭ ھۆكمى قانداق؟

A. ئىككى رەكئەتتە ئوخشاش سۈرە ئوقۇش نامازنى بۇزىدۇ. ( )

B. ئىككى رەكئەتتە ئوخشاش سۈرە ئوقۇش مەكرۇھ، نامازنى بۇزمايدۇ. ( )

C. ئىككى رەكئەتتە ئوخشاش سۈرە ئوقۇش مەكرۇھ. ( )

D. ئىككى رەكئەتتە ئوخشاش سۈرە ئوقۇش مەكرۇھ ئەمەس. ( )

8. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسى ئىش مەكرۇھ؟

A. پانۇس ياكى چىراغ تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇش ( )

B. نامازدىن كېيىن پېشانىسىدىكى توپا ياكى ئوت - چۆپ دېگەندەك نەرسىلەرنى سۈرتۈۋېتىش ( )

C. ناماز ئەسناسىدا بىئارام قىلىدىغان ياكى دىققىتىنى چېچىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى سۈرتۈۋېتىش ( )

D. ئىشارەت بىلەن سالامغا جاۋاب قايتۇرۇش (  )

9. سوئال: ئېسسىپ قويۇلغان قىلىچ تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى قانداق؟

A. مەكرۇھ ئەمەس (  )

B. مۇستەھەب (  )

C. مەكرۇھ (  )

D. ۋاجىب (  )

10. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسى ئىش مەكرۇھ ئەمەس؟

A. يىلان ياكى چايان چېقىۋېلىشىدىن قورقسا، ئۆلتۈرۈۋېتىش (  )

B. قىرائەت تامام بولۇشتىن بۇرۇن رۇكۇ قىلىش ۋە داۋامىنى رۇكۇدا تاماملاش (  )

C. ئىمامنىڭ ئۆزرىسىز مېھرابنىڭ ئىچىگە تولۇق كىرىپ تۇرۇشى (  )

D. ئەسنەش (  )

رۇخسەتسىز بېسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ

## 13- دەرس

## ناماز ئوقۇش ئۇسۇلى ھەققىدە



ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭىزدا، ئۆرە تۇرۇڭ ۋە ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلىپ، ئىككى قولىڭىزنى قۇلىقىڭىزنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرۈڭ؛ ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەڭ؛ تەكبىر تەھرىيمىدىن كېيىن دەرھال ئوڭ قولىڭىزنى سول قولىڭىزنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، كىندىكىڭىزنىڭ ئاستىدا تۇتۇڭ؛ ئاندىن «سۇبھانەكەللاھۇممە ۋە بىھەمدىكە ۋە تەبارەكەسمۇكە ۋە تەئالا جەددۇكە ۋەلا ئىلاھە غەيرۇكە»نى، ئاندىن «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم» بىلەن «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم»نى پەس ئاۋازدا ئوقۇڭ.

ئاندىن فاتىھەنى ئوقۇڭ؛ فاتىھەنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن «ئامىن» دەڭ؛ ئاندىن بىر سۈرە ياكى قىسقا ئۈچ ئايەت ياكى ئاز دېگەندە ئۇزۇن بىر ئايەت ئوقۇڭ؛ ئاندىن بېشىڭىزنى سۆڭگىچىڭىز بىلەن تەكشى ھالەتكە كەلگۈچە پەسلەپ، بارماقلىرىڭىزنىڭ ئارىسىنى يىغىۋالماستىن، ئىككى ئالقىنىڭىز بىلەن ئىككى تىزىڭىزنى قاماللاپ تۇتقان ھالدا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇ قىلىڭ؛ رۇكۇ قىلغاندا، ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەلئەزىم» دېگەندىن كېيىن، «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ، رەببەنا ۋەلەكەلھەمدۇ» دەپ بېشىڭىزنى رۇكۇدىن كۆتۈرۈڭ. ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان بولسىڭىز، «رەببەنا ۋەلەكەلھەمدۇ» دېسىڭىزلا كۇپايە. ئاندىن ئۆزىڭىزنى توختىتىپ، ئۆرە تۇرۇڭ؛ ئاندىن سەجدىگە بېرىۋېتىپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەڭ؛ سەجدىگە بارغاندا ئاۋۋال ئىككى تىزىڭىزنى، ئاندىن ئىككى قولىڭىزنى، ئاندىن يۈزىڭىزنى ئىككى قولىڭىزنىڭ ئارىسىغا ئۇدۇللاپ يەرگە قويۇڭ؛ قىستاڭچىلىق بولمىغان ئەھۋالدا قورسىقىڭىزنى يوتىڭىزدىن، ئىككى بىلىكىڭىزنى بېقىنىڭىزدىن ئۇزاق تۇتۇپ، بۇرنىڭىز ۋە پېشانىڭىزنى يەرگە تەگكۈزۈپ، قول ۋە پۇتلىرىڭىزنىڭ بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ، ئالدىرىماي سەجدە قىلىڭ. سەجدىدە ئاز دېگەندە، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەلئەئلا» دەڭ.

ئاندىن بىرىنچى قېتىملىق سەجدىدىن بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەڭ ۋە ئىككى سەجدە ئارىسىدا ئىككى قولىڭىزنى ئىككى يوتىڭىزنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بىرئاز ئولتۇرۇڭ؛ ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئىككىنچى قېتىم سەجدە قىلىڭ؛ ئىككىنچى سەجدىدىمۇ ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەلئەئلا» دەڭ؛ ئاندىن بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ، قولىڭىز بىلەن يەرگە تايانماي ۋە ئولتۇرۇۋالماي، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۆرە تۇرۇڭ. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى رەكئەت تامام بولىدۇ.

ئىككىنچى رەكئەتمۇ بىرىنچى رەكئەتكە ئوخشاش، بىراق بۇنىڭدا ئىككى قولىڭىزنى كۆتۈرمەيسىز، «باشلاش دۇئاسى»نى ئوقۇمايسىز، «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم» دېمەيسىز.

ئىككىنچى رەكئەتنىڭ سەجدىسىنى قىلغاندىن كېيىن، سول پۇتىڭىزنى ياتقۇزۇپ، ئوڭ پۇتىڭىزنى تىكلەپ، بارماقلىرىڭىزنىڭ ئۇچلىرىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ ئولتۇرۇڭ؛ ئىككى قولىڭىزنى بارماقلىرىڭىزنى يايغان ھالدا يوتىڭىزنىڭ ئۈستىگە قويۇڭ؛ ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ تەشەھھۇد دۇئاسىنى ئوقۇڭ: «اَلتَّحِيَّاتُ لِلَّهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ، اَلسَّلاَمُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللَّهِ وَبَرَكَاتُهُ، اَلسَّلاَمُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللَّهِ الصَّالِحِينَ، أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ»[22].

ئەگەر بامدات نامىزىغا ئوخشاش ئىككى رەكئەتلىك ناماز بولسا، تەشەھھۇدتىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۇنداق دۇرۇت ئوقۇڭ: «اَللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ، وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ، إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ، اَللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ، وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ»[23].

ئاندىن قۇرئان ۋە ھەدىستە كەلگەن بەزى دۇئالارنى قىلىڭ. مەسىلەن، «رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ»[24] دېگەن دۇئانى ئوقۇسىڭىز بولىدۇ. ئاندىن ئوڭ ۋە سول تەرەپكە «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەپ سالام بېرىڭ؛ ھەر ئىككى قېتىملىق سالامدا سىز بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇغانلارنى، سالىھ جىنلارنى ۋە مۇھاپىزەتچى پەرىشتىلەرنى نىيەت قىلىڭ.

ئەگەر ئۈچ رەكئەتلىك ياكى تۆت رەكئەتلىك ناماز بولسا، قەئدە ئەۋۋەلدە پەقەت تەشەھھۇدنىلا ئوقۇپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۈچىنچى رەكئەت ئۈچۈن ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ؛ ئۈچ رەكئەتلىك نامازدا ئۈچىنچى رەكئەتتە فاتىھەنىلا ئوقۇڭ. پېشىن ۋە ئەسىرگە ئوخشاش تۆت رەكئەتلىك نامازدىمۇ فاتىھەنىلا ئوقۇپ، ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتتىكىگە ئوخشاش رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىڭ؛ ئاندىن قەئدە ئاخىرىدا ئولتۇرۇپ تەشەھھۇد ئوقۇڭ ۋە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ئوقۇڭ.

22. «بۇخارىي»، 1202 ـ ھەدىس.
23. «بۇخارىي»، 3370 ـ ھەدىس.
24. «بەقەرە» سۈرىسى، 201 ـ ئايەت.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: بىرىنچى رەكئەتتە «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم» بىلەن «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم» ھەر ئىككىسى قانداق ئوقۇلىدۇ؟

A. ھەر ئىككىسى پەس ئاۋازدا ئوقۇلىدۇ. ( )

B. ھەر ئىككىسى ئۈنلۈك ئوقۇلىدۇ. ( )

C. پەقەت «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم» پەس ئاۋازدا ئوقۇلىدۇ. ( )

D. پەقەت «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم» پەس ئاۋازدا ئوقۇلىدۇ. ( )

2. سوئال: رۇكۇدا نېمە دەيمىز؟

A. «سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيم» ( )

B. «سُبْحَانَ رَبِّيَ الْأَعْلَى» ( )

C. «سُبْحَانَ رَبِّيَ الْمَلِيكِ» ( )

D. «سُبْحَانَ رَبِّيَ الرَّحِيم» ( )

3. سوئال: سەجدىدە نېمە دەيمىز؟

A. «سُبْحَانَ رَبِّيَ الْمَلِيكِ» ( )

B. «سُبْحَانَ رَبِّيَ الْأَعْلَى» ( )

C. «سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيم» ( )

D. «سُبْحَانَ رَبِّيَ الْأَئْلَى» ( )

4. سوئال: سەجدىگە بارغاندا ئەزالارنى قويۇش تەرتىپى قانداق؟

A. ئاۋۋال ئىككى تىزنىڭنى، ئاندىن ئىككى قولىڭنى، ئاندىن يۈزىڭنى يەرگە تەگكۈزىسىز. ( )

B. ئاۋۋال ئىككى تىزىڭنى، ئاندىن يۈزىڭنى، ئاندىن ئىككى قولىڭنى يەرگە تەگكۈزىسىز. ( )

C. ئاۋۋال ئىككى قولىڭنى، ئىككى ئاندىن تىزىڭنى، ئاندىن يۈزىڭنى

يەرگە تەگكۈزسىز. (  )

D. سىزگە قايسىسى قولاي ۋە راھەت بولسا شۇنى بالدۇر يەرگە تەگكۈزسىز. (  )

5. سوئال: پەيغەمبەرگە دۇرۇت ۋە سالام يوللىغاندا نېمىلەرنى ئوقۇيمىز؟

A. «اللّهُمّ صَلِّ عَلَى مُحَمّدٍ وعلى آل محمد» (  )

B. «اللّهُمّ صَلِّ عَلَى عِيسَى وَآلِ عِيسَى» (  )

C. «اللّهُمّ صَلِّ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَآلِ إِبْرَاهِيمَ» (  )

D. «اللّهُمّ صَلِّ عَلَى عُمَرَ وَآلِ عُمَرَ» (  )

14-دەرس

## جامائەت نامىزى ھەققىدە



### جامائەت نامىزىنىڭ پەزىلىتى:

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پۈتۈن ئۆمرىدە نامازنى ئىزچىل جامائەت بىلەن ئوقۇغان. نادىر ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاغرىپ ياتقان چاغلىرىدىمۇ جامائەتتىن قالمىغان. ئۇ مۇبارەك زات جامائەت نامىزىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۇ چاغلاردا ئۆزرىلىك ساھابىلەر ياكى ئاشكارا مۇناپىقلاردىن باشقا ھېچكىم جامائەت نامىزىدىن قالمايتتى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار﴾[25].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ پەزىلىتى يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن يىگىرمە يەتتە ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ»[26].

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن (دەۋرىمىزدە) پەقەت مۇناپىقلىقى ئاشكارا بولغانلارنىڭ ياكى بىمارلارنىڭلا نامازغا كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. (ھەتتا بەزى) بىمارلارمۇ ئىككىيلەننىڭ ياردىمىدە نامازغا كېلەتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ھىدايەت يوللىرىنى ئۆگىتىپ قويدى. شەكسىزكى، ھىدايەت يوللىرىدىن بىرى ئەزان ئوقۇلىدىغان مەسجىدتە ناماز ئوقۇشتۇر»[27].

جامائەت ئىمام بىلەن ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئارىسىدىكى ئورتاقلىشىش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەتتۇر. جۈمە نامىزىدىن باشقا نامازلاردا ئىمامنىڭ يېنىدا بىر كىشىنىڭ بولۇشى بىلەن جامائەت شەكىللىنىدۇ. جۈمە نامىزىدا ئىمامدىن باشقا ئۈچ كىشى بىلەن جامائەت شەكىللىنىدۇ.

25. «بەقەرە» سۈرىسى، 43 ـ ئايەت.
26. «بۇخارىي»، 645 ـ ھەدىس.
27. «مۇسلىم»، 654 ـ ھەدىس.

## جامائەت نامىزىنىڭ ھۆكمى:

جامائەت نامىزى ئەر كىشى ئۈچۈن تەكىتلەنگەن سۈننەت بولۇپ، مۇھىملىق دەرىجىسى ۋاجىپقا ئوخشايدۇ.

شەرئەت ئېتىراپ قىلىدىغان بىرەر ئۆزرە بولمىسىلا جامائەت نامىزىدىن قېلىشقا بولمايدۇ. ئۆزرىسىز جامائەت نامىزىدىن قېلىشقا ئادەتلەنگەن كىشى گۇناھكار بولىدۇ.

جۈمە ۋە ئىككى ھېيت نامىزى ئۈچۈن جامائەت بولۇشى شەرت. بۇ نامازلار جامائەتسىز ئادا بولمايدۇ.

تەراۋىھ نامىزى ۋە كۈن تۇتۇلۇش نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش تەكىتلەنگەن سۈننەتى كىفايەدۇر.

رامىزاندىكى ۋىتىر نامىزى ئۈچۈن جامائەت بولۇش مۇستەھەبتۇر.

رامىزاندىن باشقا چاغلاردا ۋىتىر نامىزىنى داۋاملىق جامائەت بىلەن ئوقۇش مەكرۇھ تەنزىيھىي بولىدۇ. ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالماي، بىر - ئىككى قېتىم ئوقۇسا كېرەك يوق.

خۇسۇف نامىزى (ئاي تۇتۇلۇش) جامائەت بولۇپ ئوقۇلمايدۇ.

نەفلە نامازلارنى باشقىلارغا تەشۋىق قىلىپ، جامائەت بىلەن ئوقۇش مەكرۇھتۇر. ئەمما، ئۆزلۈكىدىن توپلىشىپ قېلىپ، ئەزان ۋە تەكبىرسىز، جامائەت بىلەن ئوقۇلغان بولسا، مەكرۇھ بولمايدۇ.

ئىمام ۋە مۇئەززىنى بار مەھەللە مەسجىدىدە مەھەللىدىكى كىشىلەر ئەزان ۋە تەكبىر بىلەن نامىزىنى ئوقۇپ بولغان بولسا، ئىككىنچى قېتىم جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇش مەكرۇھ. ئەمما، ئىككىنچى قېتىملىق جامائەتنىڭ ئىمامى بىرىنچى قېتىملىق جامائەتنىڭ ئىمامى تۇرغان ئورۇندا تۇرمىسا ۋە بۇرۇنقى ھالەتكە ئوخشاپ قالمىغان بولسا، مەكرۇھ بولمايدۇ.

## جامائەت نامىزى كىملەرگە سۈننەت بولىدۇ؟

جامائەت نامىزى تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلانغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ۋاجىبقا ئوخشىشىپ كېتىدىغان كۈچلۈك سۈننەتتۇر:

1. ئەر كىشى بولۇش، ئايال كىشىگە سۈننەت بولمايدۇ؛
2. بالاغەتكە يەتكەن بولۇش، نارەسىدىگە سۈننەت بولمايدۇ؛
3. ئەقلى - ھوشى جايىدا بولۇش، ساراڭغا سۈننەت بولمايدۇ؛

4. ئۆزرىسى بولماسلىق، ئۆزرىلىك كىشىگە سۈننەت بولمايدۇ؛

5. ھۆر بولۇش، قۇلغا سۈننەت بولمايدۇ.

**ئەسكەرتىش:** يۇقىرىقى كىشىلەردىن قايسى بىرى جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇغان بولسا، نامىزى ئادا بولىدۇ ۋە ساۋابقا نائىل بولىدۇ.

**جامائەت نامىزىغا قاتنىشىش قاچان كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؟**

1. قاتتىق يامغۇر ياغقاندا؛

2. قاتتىق سوغۇق بولۇپ، مەسجىدكە چىقسا، ئاغرىپ قېلىشتىن ياكى كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندە؛

3. يول پاتقاق بولۇپ كەتكەندە؛

4. شىددەتلىك بوران چىققاندا؛

5. ئاغرىپ قالغاندا؛

6. ئەما كىشىگە؛

7. مەسجىدكە بارالمايدىغان دەرىجىدە ياشانغان كىشىگە؛

8. كېسەل باققۇچىغا؛

9. چوڭ ياكى كىچىك تەرەت قىستىغاندا؛

10. مەھبۇسقا؛

11. ئىككىلا پۇتى ياكى بىر پۇتى يوق بولسا؛

12. پالەچلىككە ئوخشاش يول يۈرۈشكە توسالغۇ بولىدىغان كېسەللىك بولسا؛

13. قورسىقى ئاچ، كۆڭلى تاماقنى ئىشتىھا قىلىپ تۇرغاندا تاماق ھازىر بولسا؛

14. سەپەرگە تەييارلىنىۋاتقان بولسا؛

15. جامائەت نامىزىغا قاتنىشىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، مال - مۈلكىنىڭ ئوغرىلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسە؛

16. پويىزنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىدىن ياكى ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسە.

يۇقىرىدىكى ئۆزرىلەردىن بىرى بولسا، جامائەت نامىزىغا قاتنىشىش كەچۈرۈم قىلىنىدۇ .

## كۆنۈكمە

**تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.**

1. سوئال: جامائەت نامىزى كىملەرگە سۈننەت بولىدۇ؟

A. ئەقلى-ھوشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن ئەر كىشىگە ( )

B. ئۆزرىسى يوق ئايال كىشىگە ( )

C. نارەسىدە بالىغا ( )

D. ساراڭغا ( )

2. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسى ئەھۋالدا جامائەت نامىزىغا قاتناشمىسا گۇناھكار بولىدۇ؟

A. قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقاندا ( )

B. يول پاتقاق بولۇپ كەتكەندە ( )

C. ھاۋا ئىسسىق بولغاندا ( )

D. شىددەتلىك بوران چىققاندا ( )

3. سوئال: نەفلە نامازلارنى جامائەت بىلەن ئوقۇش توغرىسىدا توغرا بولغىنى قايسى؟

A. ئەزان ۋە تەكبىر بىلەن جامائەت بولۇپ ئوقۇش سۈننەت. ( )

B. ئۆزلۈكىدىن تولىشىپ قېلىپ، ئەزان ۋە تەكبىرسىز ئوقۇسا بولىدۇ. ( )

C. ھەر دائىم جامائەت بولۇپ ئوقۇش كېرەك. ( )

D. مەسجىدتە جامائەت بولۇپ ئوقۇش ۋاجىب. ( )

4. سوئال: تۆۋەندىكى نامازلارنىڭ قايسىسى جامائەت بىلەن ئوقۇلمايدۇ؟

A. تەراۋىھ نامىزى ( )

B. كۈن تۇتۇلۇش نامىزى ( )

C. خۇسۇف نامىزى (ئاي تۇتۇلۇش) ( )

D. ھېيت نامىزى ( )

5. سوئال: رامزان ئېيىدىكى نامازلار ھەققىدە توغرا بولغىنى قايسى؟

A. ۋىتىر نامىزى جامائەت بىلەن ئوقۇلسا مەكرۇھ. (  )

B. تەراۋىھ نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش تەكتىلەنگەن سۈننەتى كىفايە. (  )

C. ۋىتىر نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش مۇستەھەب. (  )

D. تەراۋىھ نامىزىنى ئوقۇش پەرز. (  )

6. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى جامائەت نامىزىغا قاتناشماسلىققا ئۆزرە بولالمايدۇ؟

A. قورسىقى ئاچ، كۆڭلى تاماقنى ئىشتىھا قىلىپ تۇرغاندا تاماق ھازىر بولسا (  )

B. سەپەر قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسا (  )

C. جامائەت نامىزىغا قاتنىشىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، مال - مۈلكىنىڭ ئوغرىلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسە (  )

D. پويىزنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىدىن ياكى ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسە (  )

رۇخسەتسىز بېسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ

# 15- دەرس

## ئىماملىق قىلىش ھەققىدە

### ئىماملىقنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتلىرى:



1. ئەر كىشى بولۇش، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئىماملىق قىلىشى دۇرۇس ئەمەس؛
2. مۇسۇلمان بولۇش، كاپىرنىڭ ئىمام بولۇشى ھېچقاچان دۇرۇس ئەمەس؛
3. بالاغەتكە يەتكەن بولۇش، نارەسىدىنىڭ ئىمام بولۇشى دۇرۇس ئەمەس؛
4. ئەقلى - ھوشى جايىدا بولۇش، ساراڭنىڭ ئىمام بولۇشى دۇرۇس ئەمەس؛
5. نامازغا لايىق قىرائەت قىلالايدىغان بولۇش، قىرائەت قىلالايدىغان كىشىگە قىرائەت قىلالمايدىغان ساۋاتسىز كىشىنىڭ ئىمام بولۇشى دۇرۇس ئەمەس؛
6. تاھارەتلىك بولۇش ۋە ئەۋرەتنى يېپىشقا ئوخشاش نامازنىڭ شەرتلىرىدىن بىرىنى يوقىتىپ قويماسلىق؛
7. بۇرنى قاناش، سۈيدۈك تۇتالماسلىق ۋە يەل قېچىش دېگەندەك ئۆزرىلەردىن خالىي بولۇش؛
8. تاۋۇشلارنى توغرا تەلەپپۇز قىلالايدىغان دەرىجىدە تىلى ساغلام بولۇش. مەسىلەن: «ر» ھەرپىنى «غ»، «س» ھەرپىنى «ث»گە ئالماشتۇرۇپ ئوقۇيدىغان كىشىنىڭ مەزكۇر ھەرپلەرنى لاياقەتلىك تەلەپپۇز قىلالايدىغان كىشىگە ئىماملىق قىلىشى دۇرۇس ئەمەس.

### ئىماملىق قىلىشقا كىم ئەڭ لايىق؟

سۇلتان ۋە ئورۇنباسارى ياكى ئۇ رۇخسەت بەرگەن كىشى ئىمام بولۇشقا ئەڭ لايىقتۇر.

بىر مەسجىدكە تەيىنلەنگەن ئىمام پەقەت شۇ مەسجىدتىلا ئىماملىق قىلىشقا لايىقتۇر.

ئۆيدە جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇغاندا، ئۆي ئىگىسى ئىمام بولۇشقا لايىق بولسىلا، ئىماملىققا ئەڭ لايىق كىشى شۇدۇر.

كۆپچىلىك ئىچىدە سۇلتان، ئورۇنباسارى، تەيىنلەنگەن ئىمام ياكى ئۆي ئىگىسى دېگەنلەردىن ھېچقايسىسىبىرى بولمىسا، ئىماملىققا ئەڭ لايىق كىشى نامازنىڭ ئادا بولۇش ۋە بۇزۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملارنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان كىشىدۇر.

ئاندىن قالسا نامازنىڭ ئەھكاملىرىنى بىلىش شەرتى بىلەن قۇرئاندىن ئەڭ كۆپ يادلىغان كىشىدۇر.

ئاندىن قالسا ئەڭ تەقۋادار كىشىدۇر.

ئاندىن قالسا ئەڭ پېشقەدەمراقىدۇر.

ھەممەيلەن يۇقىرىقى تەرەپلەردە ئوخشاش بولسا، ئۇلارغا جامائەت ئارىسىدىن تاللىغان بىرى ناماز ئوقۇپ بېرىدۇ.

جامائەت بىر پىكىرگە كېلەلمىسە، كۆپ سانلىقلار تاللىغان كىشى ناماز ئوقۇپ بېرىدۇ.

ئەگەر ئۇلار مۇناسىپ بولمىغان كىشىنى ئالدىغا چىقىرىپ قويسا، سۈننەتكە مۇخالىپەتچىلىك قىلغان بولىدۇ.

**ئىماملىق قىلىشتا ۋە جامائەت نامىزىدا مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار:**

1. پاسىقنىڭ ئىمام بولۇشى مەكرۇھ؛
2. بىدئەتچىنىڭ ئىمام بولۇشى مەكرۇھ؛
3. ئەمانىڭ ئىمام بولۇشى مەكرۇھ، جامائەت ئىچىدە ئىمام بولۇشقا ئۇنىڭدىنمۇ لايىقراق بىرى بولمىسا، ئۇنىڭ ئىمام بولۇشى مەكرۇھ بولمايدۇ؛
4. ئالىم بار يەردە سەھرالىق ياكى شەھەرلىك بولسۇن، بىلىمسىز كىشىنىڭ ئىمام بولۇشى مەكرۇھ؛
5. ئۇقسانلىقلىرى تۈپەيلى كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان كىشىنىڭ ئىمام بولۇشى مەكرۇھ؛
6. نامازنى سۈننەتتىكى ئۆلچەمدىن زىيادە قىلىۋېتىش مەكرۇھ؛
7. ئاياللارنىڭ ئايرىم جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشى مەكرۇھ. ئەگەر شۇنداق قىلماقچى بولسا، ئىمام (ئالدىغا چىقماي) سەپ ئىچىدە تۇرىدۇ؛
8. بۈگۈنكى زاماندا پىتنە - پاسات بەك يامراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاياللارنىڭ جامائەت نامىزىغا قاتنىشىشى مەكرۇھتۇر[28].

---

28. ئاياللار خۇشپۇراق ئىشلەتمەسلىك، ئېرىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش، پىتنىگە تاشلايدىغان كىسمەلەرنى كىيمەسلىك، ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ تۇرماسلىق قاتارلىق شەرتلەرگە رىئايە قىلغان ھالدا جامائەت نامىزىغا، ۋەز - نەسىھەت ۋە ئىلىم سورۇنلىرىغا قاتناشسا بولىدۇ.

## كۆنۈكمە

**تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.**

1. سوئال: ئىماملىقنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ شەرتلىرى توغرىسىدا توغرا بولغىنى قايسى؟

A. نارەسىدە بالىنىڭ قۇرئاننى ياخشى بىلسە ئىمام بولۇشى دۇرۇس. ( )

B. ئايال كىشى ئەرلەرگە ئىمام بولسا بولمايدۇ. ( )

C. ساۋاتسىز كىشى ساۋاتلىق كىشىگە ئىمام بولسا بولىدۇ. ( )

D. كاپىر كىشى مۇسۇلمانلارغا ئىمام بولسا بولىدۇ. ( )

2. سوئال: ئىماملىققا ئەڭ لايىق كىشى كىم؟

A. ئەڭ باي كىشى ( )

B. ئەڭ كېلىشكەن كىشى ( )

C. ئەڭ پىشقەدەم كىشى ( )

D. سۇلتان ياكى ئۇنىڭ ئورۇنباسارى ( )

3. سوئال: قايسى كىشىنىڭ ئىمام بولۇشى مەكرۇھ ئەمەس؟

A. پاسىقنىڭ ئىمام بولۇشى ( )

B. بىدئەتچىنىڭ ئىمام بولۇشى ( )

C. كۆزى ئەما كىشىنىڭ باشقا لايىق كىشى بولمىغاندا ئىمام بولۇشى ( )

D. نۇقسانلىقلىرى تۈپەيلى كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان كىشىنىڭ ئىمام بولۇشى ( )

4. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى ئىماملىققا توسالغۇ بولمايدۇ؟

A. تاھارەتسىز بولۇش ( )

B. قىرائەتتە قىلالماسلىق ( )

C. ياشانغان بولۇش ( )

D. تىلى كېكەچ بولۇش ( )

5. سوئال: ئاياللارنىڭ جامائەت نامىزى ھەققىدە توغرا بولغىنى قايسى؟

A. ئاياللار ئايرىم جامائەت بولۇپ، ئىمام ئالدىغا چىقىپ ناماز ئوقۇسا بولىدۇ. ( )

B. ئاياللار جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇسا، ئىمام سەپ ئىچىدە تۇرىدۇ. ( )

C. ئاياللار ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا بولىدۇ. ( )

D. ئاياللار ھەر قانداق ۋاقىتتا مەسجىدكە بېرىپ جامائەت نامىزى ئوقۇسا بولىدۇ. ( )

# 16- دەرس

## سەپ تەرتىپى ۋە ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

**سەپ تەرتىپى:**



ئىمام بىلەن بىر ئەر كىشى ياكى نارەسىدە بىر ئوغۇل بولسا، ئىمامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە (سەپتىن ئازراق چېكىنىپ تۇرىدۇ.

ئىمام بىلەن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەم بولسا، ھەممىسى ئىمامنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك، بىر ئەر ياكى نارەسىدە بىر ئوغۇل بولسىمۇ، ئىمامنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ.

ئەرلەر، ئاياللار، نارەسىدە ئوغۇللار ۋە قوش جىنسلىقلار جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇماقچى بولسا، ئاۋۋال ئەرلەر، ئاندىن نارەسىدە ئوغۇللار، ئاندىن قوش جىنسلىقلار، ئاندىن ئاياللار سەپ تۈزىدۇ.

ئىمامنىڭ تاھارىتى سۇنۇپ كەتكەندە، ئىمام بولۇپ نامازنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن، بىرىنچى سەپتە ئەڭ لايىق كىشىلەر تۇرۇشى كېرەك.

ئەگەر جامائەت ئىچىدە نارەسىدە ئوغۇلدىن بىرسىلا بولسا، ئەرلەرنىڭ سېپىگە قېتىلىدۇ؛ ناۋادا بىرقانچىسى بولسا، ئەرلەرنىڭ كەينىدە بىر سەپ بولۇپ تۇرىدۇ؛ ئەرلەرنىڭ سەپلىرىدىكى بوش يەرلەرنى تولۇقلاپ تۇرمايدۇ.

ئىمام رۇكۇدىكى ۋاقىتتا كەلگەن كىشى سەپ ئارىسىدا بوش ئورۇن بولسا، سەپنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ نامازغا كىرمەيدۇ؛ بەلكى بىر رەكئەتكە ئۈلگۈرەلمىگەن بولسىمۇ، سەپنىڭ ئىچىگە كىرىپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نامازغا كىرىدۇ.

**ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇق شەرتلىرى:**

1. ئىقتىدا قىلغۇچى نامازغا تۇرغاندا، ئىمامغا ئەگىششنى نىيەت قىلىش؛

2. ئىمام جامائەتتىن ئاز دېگەندە بىر تاپان مىقدارى ئالدىغا چىققان بولۇش؛

3. ئىمام جامائەتتىن تۆۋەن ئەمەلدە بولماسلىق. مەسىلەن، ئىمام نەفلە ناماز ئوقۇيدىغان، ئىقتىدا قىلغۇچى پەرز ناماز ئوقۇيدىغان بولسا، ئىقتىدا قىلىش

دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر ئىمام پەرز ناماز ئوقۇيدىغان، ئىقتىدا قىلغۇچى نەفلە ناماز ئوقۇيدىغان بولسا، ئىقتىدا قىلىش دۇرۇس؛

4. ئىمام ۋە ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ نامىزى ئوخشاش بولۇش. مەسىلەن، ئىمام پېشىن نامىزى ئوقۇيدىغان، ئىقتىدا قىلغۇچى ئەسىر نامىزى ئوقۇيدىغان ياكى بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئىقتىدا قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ؛

5. ئىمام بىلەن جامائەت ئارىسىدا ئاياللار سېپى بولماسلىق؛

6. ئىمام بىلەن جامائەت ئارىسىدا قېيىق ماڭالايدىغان كەڭلىكتە دەريا بولماسلىق؛

7. ئىمام ۋە جامائەت ئارىسىدا ماشىنا ياكى هارۋا ماڭىدىغان يول بولماسلىق؛

8. ئىمام ۋە جامائەت ئارىسىدا ئىمامنىڭ ھەرىكەتلىرىنى بىلىشتىن توسۇپ قويىدىغان بىرنەرسە بولماسلىق.

**ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىلەر:**

ئىقتىدا قىلغۇچىغا ئىمامنىڭ ھەرىكەتلىرى ئاڭلاش ياكى كۆرۈش ئارقىلىق مەلۇم بولسا، ئىقتىدا قىلىش دۇرۇس.

تاھارەت ئالغۇچىنىڭ تەيەممۇم بىلەن ناماز ئوقۇغان ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشى دۇرۇس.

ئىككى پۇتىنى يۇغان كىشىنىڭ ئىككى ئۆتۈكىگە مەسھ قىلغان ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشى دۇرۇس.

ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغان كىشىنىڭ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغان ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشى دۇرۇس.

تىك تۇرۇپ ناماز ئوقۇيالايدىغان كىشىنىڭ دوك بولۇپ قالغان كىشىگە ئىقتىدا قىلىشى دۇرۇس.

ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇيدىغان كىشىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇيدىغان ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشى دۇرۇس.

بىرەر سەۋەبتىن ئىمامنىڭ نامىزى بۇزۇلسا، ئىقتىدا قىلغۇچىلارنىڭ نامىزىمۇ بۇزۇلىدۇ. ھەممەيلەننىڭ نامازنى قايتا ئوقۇۋېلىشى ئۈچۈن، نامازنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئېلان قىلىشى ۋاجىب.

## جامائەت ئىمامنى قاچان ئەگىشىپ، قاچان ئەگەشمەيدۇ؟

جامائەت تەشەھھۇدنى تۈگىتىشتىن بۇرۇن ئىمام ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرسا، جامائەت ئىمامغا ئەگىشىپ ئورنىدىن تۇرمايدۇ، بەلكى تولۇق ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرىدۇ.

جامائەت تەشەھھۇدنى تۈگىتىشتىن بۇرۇن ئىمام سالام بېرىۋەتسە، جامائەت ئىمامغا ئەگەشمەيدۇ بەلكى تەشەھھۇدنى تولۇقلاپ، ئاندىن سالام بېرىدۇ.

ئىمام بىر سەجدىنى ئارتۇق قىلىۋەتسە، جامائەت ئىمامغا ئەگىشىپ ئارتۇق سەجدە قىلمايدۇ.

ئىمام سەۋەنلىكتىن قەئدە ئاخىردىن كېيىن تۇرۇپ كەتكەن بولسا، جامائەت ئىمامغا ئەگىشىپ ئۆرە تۇرمايدۇ، بەلكى ئىمامنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن «سۇبھانەللاھ» دەيدۇ ۋە ئولتۇرۇۋېلىشىنى ساقلايدۇ.

ئىمام بىر رەكئەتنى زىيادە ئوقۇپ، سەجدىگە كېتىپ قالغان بولسا، جامائەت ئۆز ئالدىغا سالام بېرىدۇ.

ئىمام بىر رەكئەتنى ئارتۇق ئوقۇپ، سەجدىگە بېرىشتىن بۇرۇن جامائەت سالام بېرىۋەتكەن بولسا، نامىزى ئىناۋەتسىز بولىدۇ.

جامائەت ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەلئەزىيم» ياكى «سۇبھانە رەببىيەلئەئلا» دەپ بولغۇچە ئىمام رۇكۇ ياكى سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەن بولسا، جامائەت ئىمامغا ئەگىشىدۇ ۋە «سۇبھانە رەببىيەلئەزىيم» ياكى «سۇبھانە رەببىيەلئەئلا» دېمەيدۇ.

ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئىمامدىن بۇرۇن سالام بېرىشى مەكرۇھ. ئىمام تەشەھھۇدنى تۈگىتىپ بولغۇچە سالام بەرگەن بولسا، نامىزى بۇزۇلىدۇ.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: ئىمام بىلەن جامائەتنىڭ تۇرۇش ئورنى توغرىسىدا توغرا بولغىنى قايسى ؟

A. ئىمام بىلەن بىر ئەر كىشى بولسا، ئىمامنىڭ سول تەرىپىدە تۇرىدۇ. ( )

B. ئىمام بىلەن ئىككى كىشى بولسا، ئىمامنىڭ ئوڭ-سول تەرىپىدە تۇرىدۇ. ( )

C. ئىمام بىلەن ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن كۆپ ئادەم بولسا، ھەممىسى ئىمامنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ. ( )

D. نارەسىدە باللار ئەرلەر سېپىدە تۇرىدۇ. ( )

2. سوئال: ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇق شەرتلىرى توغرىسىدا توغرا بولغىنى قايسى؟

A. ئىمام نەفلە، جامائەت پەرز ئوقۇسا بولىدۇ. ( )

B. ئىمام پېشىن، جامائەت ئەسىر ئوقۇسا بولىدۇ. ( )

C. ئىمام پەرز، جامائەت نەفلە ئوقۇسا بولىدۇ. ( )

D. ئىمام بىلەن جامائەت ئارىسىدا ئاياللار سېپى بولسا بولىدۇ. ( )

3. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسى ھالەتتە ئىمامغا ئەگىشىش دۇرۇس؟

تۆۋەندىكىلەردىن قايسى ھالەتتە جامائەت ئىمامغا ئەگىشىشى تولدۇرىدۇ؟

A. ئىمام ئارتۇق سەجدە قىلغاندا ( )

B. جامائەت تەشەھھۇدنى تۈگىتىشتىن بۇرۇن ئىمام سالام بېرىۋەتسە ( )

C. جامائەت ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەلئەزىيم» ياكى «سۇبھانە رەببىيەلئەئلا» دەپ بولغۇچە ئىمام رۇكۇ ياكى سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەن بولسا ( )

D جامائەت تەشەھھۇدنى تۈگەتكەندىن بۇرۇن ئىمام ئۇچىنچى رەكئەتكە تۇرسا ( )

**4. سوئال: سەپ تۈزۈش تەرتىپى توغرىسىدا توغرا بولغىنى قايسى؟**

A. ئاياللار، ئەرلەر، نارەسىدە باللار ( )

B. ئەرلەر، نارەسىدە باللار، قوش جىنسلىقلار، ئاياللار ( )

C. ئەرلەر، ئاياللار، نارەسىدە باللار ( )

D. نارەسىدە باللار، ئەرلەر، ئاياللار ( )

**5. سوئال: ئىمامغا ئىقتىدا قىلىش توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟**

A. تاھارەتلىك كىشى تەيەممۇملۇق ئىمامغا ئىقتىدا قىلسا بولىدۇ. ( )

B. ئۆرە تۇرغان كىشى ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇغان ئىمامغا ئىقتىدا قىلسا بولىدۇ. ( )

C. ئىمامنىڭ نامىزى بۇزۇلسا جامائەتنىڭ نامىزى بۇزۇلىدۇ. ( )

D. ئىمام تەشەھھۇدنى تۈگىتىپ بولغۇچە جامائەت سالام بەرگەن بولسا نامىزى بۇزۇلمايدۇ. ( )

**6. سوئال: ئىمام نەفلە نىيىتى بىلەن ناماز ئوقۇغاندا، ئىقتىدا قىلغۇچى قايسى نامازنى نىيەت قىلىپ ئوقۇسا دۇرۇس بولىدۇ؟**

A. پەرز نامازنى نىيەت قىلسا دۇرۇس. ( )

B. ۋاجىب نامازنىڭ نىيىتىنى قىلسا دۇرۇس. ( )

C. نەفلە نامازنىڭ نىيىتىنى قىلسا دۇرۇس. ( )

D. ھېچقانداق نامازنىڭ نىيىتىنى قىلماي ئىقتىدا قىلىدۇ. ( )

**7. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسى ئەھۋالدا ئىمامغا ئىقتىدا قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ؟**

A. ئىمام بىلەن جامائەت ئارىسىدا ئاياللار سېپى بولسا ( )

B. ئىمام بىلەن جامائەت ئارىسىدا ئېرىق بولسا ( )

C. ئىمام ۋە مەسچىتكە سىغمىغان جامائەت ئارىسىدا تام بولسا ( )

D. ئىمام بىلەن جامائەت ئارىسىدا بوشلۇق بولسا ( )

8. سوئال: ئىمام بىر سەجدىنى ئارتۇق قىلغۇەتسە، جامائەت قانداق قىلىدۇ؟

A. جامائەت ئىمامغا ئەگىشىدۇ. ( )

B. جامائەت ئىمامغا ئەگەشمەيدۇ. ( )

C. جامائەت ئىمامنى ئالماشتۇرىدۇ. ( )

D. جامائەت ئۆز ئالدىغا سالام بېرىدۇ. ( )

9. سوئال: ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئىمامدىن بۇرۇن سالام بېرىشىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

A. ئىمامدىن بۇرۇن سالام بەرسە، نامىزى دۇرۇس بولىدۇ. ( )

B. ئىمامدىن بۇرۇن سالام بەرسە، نامىزى ئىناۋەتسىز بولىدۇ. ( )

C. ئىمام تەشەھھۇدنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن ئىمامدىن بۇرۇن سالام بەرسە، مەكرۇھ بولىدۇ. ( )

D. ئىمامدىن بۇرۇن سالام بەرسە، ھېچقىسى يوق. ( )

10. سوئال: ئىمامنىڭ بىرەر سەۋەبتىن نامىزى بۇزۇلۇپ كەتسە، جامائەت قانداق قىلىدۇ؟

A. جامائەتنىڭ نامىزىمۇ بۇزۇلىدۇ ۋە قايتا ئوقۇشى كېرەك. ( )

B. جامائەت ئۆز ئالدىغا ناماز ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ( )

C. جامائەت نامازنى توختىتىپ، باشقا ئىمام بىلەن قايتا ئوقۇيدۇ. ( )

D. باشقا بىر ئىمام ئالدىغا چىقىدۇ، جامائەت ئۇنىڭغا ئەگىشىپ نامازنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ( )

17- دەرس

# سۇترەگە ئالاقىدار ئەھكاملار



## سۇترەنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى:

سۇترە – ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشى باشقىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ نامىزىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن تىكلەپ قويىدىغان ياغاچ ياكى باشقا نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

## سۇترەنىڭ يولغا قويۇلۇشى:

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ناماز ئوقۇماقچى بولسا، سۇترەگە قاراپ ئوقۇسۇن ۋە ئۇنىڭغا يېقىن تۇرسۇن»[29].

## سۇترە ھەققىدە مۇھىم مەسىلىلەر:

ئىمامنىڭ ئادەم ئۆتۈپ تۇرىدىغان يەرلەردە ئالدىغا سۇترە قويۇشى مۇستەھەب.

جامائەتنىڭ سۇترە قويۇشىغا كېرەك يوق، چۈنكى ئىمامنىڭ سۇترەسى جامائەتنىڭ سۇترەسى ھېسابلىنىدۇ.

نامازخاننىڭ سۇترەگە يېقىن تۇرۇشى؛ ئۇدۇل تۇرۇۋالماي، ئوڭ ياكى سول تەرىپىگەرەك تۇرۇشى مۇستەھەب.

سۇترەنىڭ ئۇزۇنلۇقى 46 سانتىمېتىر ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، بىر بارماق كەڭلىكتە ياكى ئۇنىڭدىن كەڭرەك بولۇشى شەرت.

## ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشنىڭ جائىز بولۇش – بولماسلىقى:

چوڭ جامەلەردە ياكى ئوچۇق مەيداندا نامازخاننىڭ ئالدىدىن ئىككى پۇتىنىڭ ئورنىدىن باشلاپ سەجدىگاھىغىچە بولغان ئارىلىقتىن ئۆتۈش جائىز ئەمەس.

كىچىك مەسجىدلەردە ياكى كىچىك ئۆيلەردە ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئورنىدىن قىبلە تېمىغىچە بولغان ئارىلىقتىن ئۆتۈشكە بولمايدۇ.

29. «ئەبۇ داۋۇد»، 95 ـ ھەدىس.

نامازخان كىشىلەر ئۆتۈپ تۇرىدىغان يەردە سۈترەسىز ناماز ئوقۇپ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىشى جائىز ئەمەس.

بىر كىشى نامازخاننىڭ ئالدىدىن ئۆتمەكچى بولسا، نامازخاننىڭ ئۇنى ئىشارەت بىلەن ياكى «سۇبھانەللاھ» دېيىش ئارقىلىق توسۇپ قېلىشى جائىز.

نامازخاننىڭ ئالدىدىن ئۆتمەكچى بولغان كىشىنى قىرائەت ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق توسۇپ قېلىشىمۇ جائىز. ئەمما، قول بىلەن توسۇشى جائىز ئەمەس.

ئايال كىشى ئالدىدىن ئۆتمەكچى بولغان كىشىنى ئىشارەت قىلىش ياكى ئالىقىنى بىلەن يوتىسىغا ئۇرۇش ئارقىلىق توسۇپ قالسا بولىدۇ، ئەمما قىرائەتتە ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرمەيدۇ.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: سۈترە ھەققىدە توغرا بولغىنى قايسى؟

A. سۈترەنىڭ ئېگىزلىكى 10 سانتىمېتىر بولسا بولىدۇ. ( )

B. جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغاندا ھەر بىر كىشى سۈترە قويۇشى كېرەك. ( )

C. ئىمامنىڭ سۈترەسى جامائەتنىڭ سۈترەسى ھېسابلىنىدۇ. ( )

D. نامازخان سۈترەگە ئۇدۇل تۇرۇشى كېرەك. ( )

2. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. چوڭ جامەدە نامازخاننىڭ سەجدىگاھىدىن ئۆتۈشكە بولمايدۇ. ( )

B. كىچىك مەسجىدلەردە ياكى كىچىك ئۆيلەردە ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئورنىدىن قىبلە تېمىغىچە بولغان ئارىلىقتىن ئۆتۈشكە بولمايدۇ. ( )

C. سۈترە بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە بولىدۇ. ( )

D. ئادەم ئۆتۈپ تۇرىدىغان يەردە سۈترەسىز ناماز ئوقۇش جائىز ئەمەس. ( )

3. سوئال: نامازخان ئالدىدىن ئۆتمەكچى بولغان كىشىنى قانداق توسىدۇ؟

A. قول بىلەن ئىشارەت قىلىش ئارقىلىق ( )

B. «سۇبھانەللاھ» دېيىش ئارقىلىق ( )

C. قاتتىق ۋارقىراش ئارقىلىق ( )

D. نامىزىنى توختىتىپ گەپ قىلىش ئارقىلىق ( )

4. سوئال: ئايال كىشى ئالدىدىن ئۆتمەكچى بولغان كىشىنى قانداق توسىدۇ؟

A. قىرائەتتە ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ( )

B. قول بىلەن ئىشارەت قىلىش ئارقىلىق ( )

C. ئىشارەت قىلىش ياكى ئالقىنى بىلەن يوتىسىغا ئۇرۇش ئارقىلىق (   )

D. نامىزىنى توختىتىپ تىللاش ئارقىلىق (   )

5. سوئال: سۈترەنىڭ ئۆلچىمى ھەققىدە توغرا بولغىنى قايسى؟

A. پەقەت ئىگىزلىكى 20 سانتىمېتىر بولسا بولىدۇ. (   )

B. پەقەت كەڭلىكى تۆت بارماق بولۇشى شەرت. (   )

C. ئىگىزلىكى 46 سانتىمېتىر، كەڭلىكى بىر بارماقتىن كەم بولمايدۇ. (   )

D. كەڭلىكى 46 سانتىمېتىر بولۇشى شەرت. (   )

رۇخسەتسىز بېسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ

## 18-دەرس

## نامازنى بۇزۇش قاچان ۋاجىب، قاچان جائىز بولىدۇ



نامازخان «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نامازنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن، شەرىئەت قوبۇل قىلىدىغان بىرەر ئۆزرىسى بولماي تۇرۇپ نامىزنى بۇزۇۋېتىشى جائىز ئەمەس.

نامازخاننىڭ دادىسى ياكى ئانىسى چاقىرسا، نامىزنى بۇزۇۋېتىشى جائىز ئەمەس[30].

نامازخان بىرەر ئەما كىشىنىڭ قۇدۇققا ياكى ئورەككە يىقىلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرسە ۋە ئۇنى ئاگاھلاندۇرمىسا، قۇدۇققا ياكى ئورەككە چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرسە، نامىزنى بۇزۇپ، ئۇنى يولىغا باشلاپ قويۇشى ۋاجىب.

بىرەر ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان كىشى نامازئوقۇۋاتقان كىشىدىن ياردەم سورىسا، ياردەم بېرىشكە كۈچى يەتسىلا، نامىزنى بۇزۇپ، ياردەم بېرىشى ۋاجىب.

نامازخان مەيلى ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا ئائىت بولسۇن، بىر دىرھەمگە[31] چاغلىق مال ـ مۈلۈكنىڭ ئوغرىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، نامىزنى بۇزۇپ، ئوغرىنى توسۇپ قىلىشى ۋاجىب.

سەپەر ئۈستىدىكى كىشى ئوغرىدىن ئەنسىرىگەن چاغلاردا نامازنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشى جائىز.

---

30. ئەگەر بىر كىشى پەرز ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئاتا ـ ئانىسىدىن بىرى ئۇنى چاقىرغان بولسا، نامازنى بۇزۇشقا بولمايدۇ. ئەمما بىرەر كېلىشمەسلىكتىن قۇتۇلدۇرۇرۇشنى سوراپ چاقىرغان بولسا، نامازنى بۇزۇپ قۇتۇلدۇرۇشى كېرەك. نورمال ئەھۋاللاردا نەفلە ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئاتا ـ ئانىسىدىن بىرى ئۇنىڭ نامازدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ چاقىرغان بولسا، نامازنى بۇزۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى، مەخلۇققا ئىتائەت قىلىمەن دەپ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش توغرا ئەمەس. ئەمما نامازدا ئىكەنلىكىنى بىلمەي چاقىرغان بولسا، نامازنى بۇزۇپ چاقىرىقنى ئىجابەت قىلىدۇ. جۇرەيجىنىڭ قىسسىسى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. (دۇررۇلمۇختار، 2/52).

31. ھەنەفىي ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا بىر دىرھەم 3.125 گرام كۈمۈشكە، باشقا كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا 2.975 گرام كۈمۈشكە تەڭ.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: قايسى ھالەتتە نامازنى بۇزۇش ۋاجىب بولىدۇ؟

A. دادا ياكى ئانا چاقىرسا ( )

B. نامازنى بۇزۇپ تۇتۇۋالمىسا، ئەما كىشى قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىدىغان بولسا ( )

C. نامازنى باشلىغاندىن كېيىن چارچاپ كەتسە ( )

D. ئۇيقۇسى كېلىپ قالسا ( )

2. سوئال: نامازخان قايسى ھالەتتە نامىزنى بۇزۇۋەتسە بولمايدۇ؟

A. مال-مۈلكى ئوغرىلىنىۋاتقاندا ( )

B. ئەما كىشىنىڭ ئورەككە چۈشۈپ كېتىش ئېھتىمالى بولغاندا ( )

C. ئانىسى چاقىرغاندا ( )

D. بىرەر ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان كىشى ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىدىن جىددىي ياردەم سورىسا ( )

3. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. پەقەت ئۆزىنىڭ مېلىلا ئوغرىلىنىۋاتقان بولسا نامازنى بۇزسا بولىدۇ. ( )

B. مال-مۈلۈكنىڭ قىممىتى مۇھىم ئەمەس. ( )

C. بىر دىرھەمگە چاغلىق مال-مۈلۈكنىڭ ئوغرىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، نامازنى بۇزۇش ۋاجىب. ( )

D. بىراۋنىڭ مېلىنىڭ ئوغرىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، نامازنى بۇزماسلىق كېرەك. ( )

4. سوئال: ياردەم بېرىش قىلىش مەسىلىسىدە توغرا بولمىغىنى قايسى؟

A. ياردەم بېرىشكە كۈچى يەتمىسە نامازنى بۇزمىسىمۇ بولىدۇ. ( )

B. ياردەم بېرىشكە كۈچى يەتسە نامازنى بۇزۇش ۋاجىب. ( )

C. ياردەم تەلەپ قىلغۇچى ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان بولۇشى شەرت. ( )

D. ياردەم تەلەپ قىلغۇچى كەم ۋە قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر نامازخان نامىزىنى بۇزۇشى كېرەك. ( )

5. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. سەپەردە نامازنى ھەرقانداق ھالەتتە كېچىكتۈرسە بولىدۇ. ( )

B. سەپەردە نامازنى قەتئىي كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. ( )

C. ئوغرىدىن ئەنسىرىگەن چاغلاردا نامازنى كېچىكتۈرسە بولىدۇ. ( )

D. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى خاتا. ( )

## ۋىتىر نامىزى ھەققىدە



### ۋىتىر نامىزى ئوقۇشنىڭ ھۆكمى:

ۋىتىر نامىزى ئوقۇش ۋاجىبتۇر. بۇ توغرىسىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ۋىتىر ۋاجىبتۇر، ۋىتىر ئوقۇمىغان كىشى بىزدىن (بىزنىڭ سۈننىتىمىزنى تۇتۇپ ماڭغانلاردىن) ئەمەس»[32].

### ۋىتىر نامىزىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار:

ۋىتىر نامىزىنى ئۇنتۇپ قېلىپ ياكى قەستەن ئوقۇمىغان كىشى قازاسىنى قىلىشى ۋاجىبتۇر.

ۋىتىر نامىزى بىر سالام بىلەن تاماملىنىدىغان ئۈچ رەكئەتلىك نامازدۇر.

ۋىتىر نامىزى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.

ۋىتىر نامىزىنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيالايدىغان كىشىنىڭ ئولتۇرۇپ ئوقۇشى جائىز ئەمەس.

ۋىتىر نامىزىنى ئۆزرىسىز، ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇش جائىز ئەمەس.

ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇغان كىشى خۇددى باشقا نەفلە نامازلاردىكىگە ئوخشاش ھەر رەكئەتتە فاتىھەنى ۋە يەنە بىر سۈرىنى ئوقۇشى ۋاجىب.

ۋىتىر نامىزىدا ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، تەشەھھۇد ئۈچۈن ئولتۇرىدۇ.

قەئدە ئەۋۋەلدە تەشەھھۇد ئوقۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرغاندا سانا ئوقۇمايدۇ ۋە «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم» دېمەيدۇ.

ئۈچىنچى رەكئەتتە (فاتىھەدىن كېيىن) بىر سۈرە ئوقۇپ بولغاندا، ئىككى قولىنى قۇلىقىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرىدۇ ۋە نامازنى باشلىغاندا تەكبىر ئېيتقاندەك

32. «ئەبۇ داۋۇد»، 1419- ھەدىس.

تەكبىر ئېيتىدۇ، ئاندىن رۇكۇدىن بۇرۇن قىيامدا تۇرغان پېتى دۇئايى قۇنۇت ئوقۇيدۇ.

ۋىتىر نامىزىدا دۇئايى قۇنۇت ئوقۇش ھەر ۋاقىت ۋاجىبتۇر.

ئىمام، ئىقتىدا قىلغۇچى ۋە يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچىلاردىن ھەر بىرى دۇئايى قۇنۇتنى ئۈنسىز ئوقۇيدۇ.

دۇئايى قۇنۇتتا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ دۇئانى ئوقۇش سۈننەتتۇر: «اللّٰهُمَّ إِنَّا نَسْتَعِينُكَ وَنَسْتَغْفِرُكَ، وَنُؤْمِنُ بِكَ وَنُثْنِي عَلَيْكَ الْخَيْرَ، وَلَا نَكْفُرُكَ وَنَخْلَعُ وَنَتْرُكُ مَنْ يَفْجُرُكَ، اللّٰهُمَّ إِيَّاكَ نَعْبُدُ، وَلَكَ نُصَلِّي، وَنَسْجُدُ، وَإِلَيْكَ نَسْعَى وَنَحْفِدُ، وَنَرْجُو رَحْمَتَكَ، وَنَخْشَى عَذَابَكَ، إِنَّ عَذَابَكَ الْجِدَّ بِالْكُفَّارِ مُلْحِقٌ»[33].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىنغان قۇنۇت دۇئاسىنى ئوقۇيالمايدىغان كىشى «رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ»[34]نى ئوقۇيدۇ ياكى ئۈچ قېتىم «ئاللاھۇممەغفىرلىي» دەيدۇ ياكى ئۈچ قېتىم «يا رەب!» دەيدۇ.

نامازخان دۇئايى قۇنۇت ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قېلىپ، رۇكۇغا بېرىپ بولغاندا ئېسىگە ئالغان بولسا، رۇكۇدا تۇرۇپ دۇئايى قۇنۇت ئوقۇمايدۇ، (رۇكۇنى تاشلاپ) قىيامغىمۇ قايتمايدۇ، بەلكى ئۇنتۇش سەۋەبلىك بىر ۋاجىبنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن، سالامدىن كېيىن سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ.

رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن دۇئايى قۇنۇت ئوقۇمىغانلىقىنى ئېسىگە ئالغان كىشى قايتىدىن دۇئايى قۇنۇت ئوقۇمايدۇ، بەلكى سالامدىن كېيىن سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ.

رۇكۇدىن تۇرغاندىن كېيىن دۇئايى قۇنۇت ئوقۇغان بولسا، قايتا رۇكۇ قىلمايدۇ، لېكىن دۇئايى قۇنۇتنى ئۆز ئورنىدا ئوقۇمىغانلىقى ئۈچۈن سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ.

جامائەت دۇئايى قۇنۇتنى تۈگەتمەستىن بۇرۇن ئىمام رۇكۇ قىلغان بولسا، جامائەت ئىمامغا ئەگەشمەيدۇ، بەلكى دۇئايى قۇنۇتنى تولۇق ئوقۇۋېتىپ، ئاندىن رۇكۇغا ئۈلگۈرۈپ ئىمامغا ئەگىشىدۇ.

رۇكۇغا ئۈلگۈرەلمەسلىكتىن ئەنسىرىسە، قۇنۇتنى قويۇپ ئىمامغا ئەگىشىدۇ.

ئىبنىي مۇسەببەتلىك كۈنلەردىن باشقا چاغلاردا ۋىتىردىن باشقا نامازلاردا

33. «سۈنەنۇل كۇبرا»، 3142 ـ ھەدىس.
34. «بەقەرە» سۈرىسى، 201 ـ ئايەت.

دۇئايى قۇنۇت ئوقۇلمايدۇ.

يالغۇز ناماز ئوقۇغان كىشىگە ئەمەس، بەلكى ئىمامغا مۇسىبەتلىك كۈنلەردە رۈكۇدىن باش كۆتۈرگەندىن كېيىن دۇئايى قۇنۇت ئوقۇش سۈننەت بولىدۇ.

ئىمام مۇسىبەتلىك كۈنلەردە دۇئايى قۇنۇت ئوقۇغاندا تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇشى لايىقتۇر: «اللهمّ اهدِنا بفضلك فيمَن هدَيت، وعافِنا فيمَن عافيت وتولّنا فيمَن تولّيت، وبارِكْ لنا فيما أعطيت، وقِنا شرّ ما قضيت، إنك تَقضي ولا يُقضى عليكَ، إنه لا يَذِلُّ مَن والَيت، ولا يَعِزُّ مَن عاديت، تباركت ربّنا وتعالَيت وصلى الله على محمد وآله وصحبه وسلم»[35]. ئۇنىڭدىن باشقا سەھىھ ھەدىسلەردە كەلگەن بەزى دۇئالارنى قوشۇپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ.

نامازغا تولۇق ئۇلگۈرەلمىگەن كىشى ئىمامغا ئۈچىنچى رەكئەتنىڭ رۈكۇسىدا يېتىشىۋالالىسا، دۇئايى قۇنۇتقا ئۇلگۈرگەن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلگۈرەلمىگەن قىسمىنى تولۇقلاپ ئوقۇش ئۈچۈن تۇرغاندا دۇئايى قۇنۇت ئوقۇمايدۇ.

رامىزاندا ۋىتىر نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش كېچىنىڭ ئاخىرىدا يالغۇز ئوقۇغاندىن ئەۋزەلرەكتۇر.

رامىزاندىن باشقا چاغلاردا ۋىتىر نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش مەكرۇھ.

---

35 «سەھىھ ئىبنى ھىببان»، 722 ـ ھەدىس.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: ۋىتىر نامىزى توغرىسىدا توغرا بولغىنى قايسى؟

A. ۋىتىر نەفلە ناماز بولۇپ، ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ. ( )

B. ئۈچ رەكئەت بولۇپ، بىر سالام بىلەن تاماملىنىدۇ. ( )

C. پەقەت رامىزاندىلا ۋاجىب بولىدۇ. ( )

D. ئىككى سالام بىلەن ئوقۇلىدۇ. ( )

2. سوئال: ۋىتىر نامىزىدىكى دۇئايى قۇنۇت توغرىسىدا دېيىلگەنلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. رۇكۇدىن بۇرۇن ئوقۇلىدۇ. ( )

B. دۇئايى قۇنۇتنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇش كېرەك. ( )

C. دۇئايى قۇنۇت ئوقۇش ۋاجىب. ( )

D. ئۇنتۇپ قالسا، سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ. ( )

3. سوئال: جامائەت بىلەن ۋىتىر ئوقۇش مەسىلىسىدە توغرا بولغىنى قايسى؟

A. ھەر ۋاقىت جامائەت بولۇپ ئوقۇش ئەۋزەل. ( )

B. رامىزاندا جامائەت بولۇپ ئوقۇش يالغۇز ئوقۇغاندىن ئەۋزەل. ( )

C. جامائەت بولۇپ ئوقۇش ۋاجىب. ( )

D. ھەر ۋاقىت جامائەت بولۇپ ئوقۇش مەكرۇھ. ( )

4. سوئال: ۋىتىر نامىزىدا تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. ئۈچىنچى رەكئەتتە سانا ئوقۇمايدۇ. ( )

B. قەئدە ئەۋۋەلدە تەشەھھۇد ئوقۇيدۇ. ( )

C. ئۈچىنچى رەكئەتتە فاتىھە ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ. ( )

D. ھەر رەكئەتتە فاتىھە ۋە سۈرە ئوقۇش ۋاجىب. ( )

5. سوئال: دۇئايى قۇنۇتنى بىلمەيدىغان كىشى نېمە قىلىدۇ؟

A. نامازنى قايتا ئوقۇيدۇ. (  )

B. دۇئايى قۇنۇتنى ئۆگەنگۈچە نامازنى كېچىكتۈرىدۇ. (  )

C. «رەببەنا ئاتىنا» دۇئاسىنى ئوقۇسا بولىدۇ. (  )

D. دۇئايى قۇنۇت ئوقۇمىسىمۇ ھېچقىسى يوق. (  )

20-دەرس

## سۈننەت نامازلار ھەققىدە



### سۈننەت نامازلارنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى:

سۈننەت نامازلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن پەرز نامازلارغا قوشۇپ ئوقۇغان نامازلىرىدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ نامازلارنىڭ بەزىلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇراتتى؛ بەزىلىرىنى بەزىدە ئوقۇپ، بەزىدە ئوقۇمايتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇلار ئىچىدىن ئىزچىل داۋاملاشتۇرغىنى «تەكىتلەنگەن سۈننەت»؛ بەزىدە ئوقۇپ، بەزىدە ئوقۇمىغانلىرى «تەكىتلەنمىگەن سۈننەت» ياكى «مۇستەھەب» دەپ ئاتىلىدۇ.

### بىرىنچى، تەكىتلەنگەن سۈننەتلەر:

1. بامدات نامىزىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرىكى ئىككى رەكئەت ناماز؛
2. پېشىنىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرىكى بىر سالام بىلەن ئوقۇلىدىغان تۆت رەكئەتلىك ناماز؛
3. پېشىنىنىڭ پەرزىدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت ناماز؛
4. شام نامىزىنىڭ پەرزىدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت ناماز؛
5. خۇپتەن نامىزىنىڭ پەرزىدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت ناماز؛
6. جۈمە نامىزىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرىكى بىر سالام بىلەن ئوقۇلىدىغان تۆت رەكئەتلىك ناماز؛
7. جۈمە نامىزىنىڭ پەرزىدىن كېيىنكى بىر سالام بىلەن ئوقۇلىدىغان تۆت رەكئەتلىك ناماز.

## ئىككىنچى، تەكىتلەنمىگەن سۈننەت نامازلار (مۇستەھەبلەر):

1. ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرىكى تۆت رەكئەتلىك ناماز؛
2. شامدىن كېيىنكى ئالتە رەكئەتلىك ناماز؛
3. خۇپتەننىڭ پەرزىدىن ئىلگىرىكى تۆت رەكئەتلىك ناماز؛
4. خۇپتەننىڭ پەرزىدىن كېيىنكى تۆت رەكئەتلىك ناماز.

## سۈننەت ۋە نەفلە نامازلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار:

سۈننەت نامازلارمۇ پەرز نامازلارغا ئوخشاش (تەرزدە) ئوقۇلىدۇ. بىراق، نەفلە نامازلارنىڭ ھەر رەكئىتىدە فاتىھەگە بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇلىدۇ.

ئىككى رەكئەتتىن كۆپ نەفلە ناماز ئوقۇپ، پەقەت ئاخىرقى رەكئىتىدىلا تەشەھھۇدتا ئولتۇرغان بولسا، نامىزى مەكرۇھلۇق بىلەن ئادا بولىدۇ.

كۈندۈزدە تۆت رەكئەتتىن كۆپ نامازنى بىر سالام بىلەن ئوقۇش مەكرۇھ.

كېچىدە سەككىز رەكئەتتىن كۆپ نامازنى بىر سالام بىلەن ئوقۇش مەكرۇھ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھمەھۇللاھنىڭ قارىشىدا كېچە ۋە كۈندۈزدە تۆت رەكئەتلىك نامازنى بىر سالام بىلەن ئوقۇش ئەۋزەلدۇر.

ئىمام ئەبۇ يۈسۈف ۋە ئىمام مۇھەممەد رەھمەھۇللاھنىڭ قارىشىدا كېچە نامازلىرىنى ئىككى رەكئەتتىن، كۈندۈز نامازلىرىنى تۆت رەكئەتتىن ئوقۇش ئەۋزەلدۇر.

قىيام ۋە قىرائەتنى ئۇزۇن قىلىش رەكئەت سانىنى كۆپ قىلىشتىن ئەۋزەل.

كېچىدە نەفلە ناماز ئوقۇش كۈندۈزدە نەفلە ناماز ئوقۇشتىن ئەۋزەل.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى تەكىتلەنگەن سۈننەتكە كىرمەيدۇ؟

A. بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى ( )

B. پېشىننىڭ پەرزدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت سۈننىتى ( )

C. خۇپتەننىڭ ئالدىدىكى تۆت رەكئەت ( )

D. شامنىڭ پەرزدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت سۈننىتى ( )

2. سوئال: نەفلە نامازلارنى ئوقۇش ئۇسۇلى ھەققىدە قايسىسى خاتا؟

A. ھەر رەكئەتتە فاتىھە بىلەن قىسقا بولسىمۇ، بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. ( )

B. ئىككى رەكئەتتىن كۆپ نەفلە نامازدا، پەقەت ئاخىرقى رەكئەتتىدىلا تەشەھھۇدتا ئولتۇرغان بولسا، نامىزى مەكرۇھلۇق بىلەن ئادا بولىدۇ. ( )

C. نەپلە نامازنىڭ ھەر رەكئىتىدە فاتىھە ئوقۇلسا يېتەرلىك. ( )

D. كۈندۈزدە تۆت رەكئەتتىن كۆپ نامازنى بىر سالام بىلەن ئوقۇش مەكرۇھ. ( )

3. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. كۈندۈزدە تۆت رەكئەتتىن كۆپ نامازنى بىر سالام بىلەن ئوقۇش مەكرۇھ. ( )

B. كېچىدە سەككىز رەكئەتتىن كۆپ نامازنى بىر سالام بىلەن ئوقۇش مەكرۇھ. ( )

C. قىيام ۋە قىرائەتنى ئۇزۇن قىلىش رەكئەت سانىنى كۆپ قىلىشتىن ئەۋزەل. ( )

D. كۈندۈزدە نەفلە ناماز ئوقۇش كېچىدە نەفلە ناماز ئوقۇشتىن ئەۋزەل. ( )

4. سوئال: «تەكىتلەنگەن سۈننەت» ۋە «تەكىتلەنمىگەن سۈننەت» ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىزچىل داۋاملاشتۇرغىنى «تەكىتلەنگەن سۈننەت»؛ بەزىدە ئوقۇپ، بەزىدە ئوقۇمىغانلىرى «تەكىتلەنمىگەن سۈننەت» ياكى «مۇستەھەب» دەپ ئاتىلىدۇ. ( )

B. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزىدە ئوقۇپ، بەزىدە ئوقۇمىغانلىرى «تەكىتلەنگەن سۈننەت»؛ ئىزچىل داۋاملاشتۇرغىنى «تەكىتلەنمىگەن سۈننەت» ياكى «مۇستەھەب» دەپ ئاتىلىدۇ. ( )

C. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىزچىل داۋاملاشتۇرغىنى «تەكىتلەنگەن سۈننەت» ھەم «تەكىتلەنمىگەن سۈننەت» ياكى «مۇستەھەب» دەپ ئاتىلىدۇ. ( )

D. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەسكىن بۇيرۇپ ئىزچىل داۋاملاشتۇرغىنى «تەكىتلەنگەن سۈننەت»؛ بەزىدە ئوقۇپ، بەزىدە ئوقۇمىغانلىرى «تەكىتلەنمىگەن سۈننەت» ياكى «مۇستەھەب» دەپ ئاتىلىدۇ. ( )

**5. سوئال: سۈننەت نامازلارنىڭ رەكئەت سانى ھەققىدە توۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟**

A. پېشىننىڭ ئالدى ـ كەينىدە جەمئىي ئالتە رەكئەت سۈننەت ناماز بار. ( )

B. شامدىن كېيىن ئىككى رەكئەت سۈننەت ناماز بار. ( )

C. بامداتنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىككى رەكئەتتىن جەمئىي تۆت رەكئەت سۈننەت ناماز بار. ( )

D. خۇپتەننىڭ پەرزىدىن كېيىن ئىككى رەكئەت سۈننەت ناماز بار. ( )

# 21- دەرس

## تۇرلۇك مۇستەھەب نامازلار ۋە كېچىنىڭ ئىبادىتى ھەققىدە



مەسجىدكە كىرگەن كىشىنىڭ ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشى مۇستەھەب. بۇ ناماز «تەھىييەتۇل مەسجىد» دەپ ئاتىلىدۇ. ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇسىمۇ كېرەك يوق.

مەسجىدكە كىرگەن ھامان «تەھىييەتۇل مەسجىد» نامىزىنى نىيەت قىلماي، پەرز ناماز ياكى باشقا بىر ناماز ئوقۇغان بولسا، «تەھىييەتۇل مەسجىد» نامىزىنى ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ.

تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، ئەزالاردىن سۇ قۇرۇماستا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش مۇستەھەب. بۇ ناماز «تاھارەت نامىزى» دەپ ئاتىلىدۇ.

چاشگاھ ۋاقتىدا تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇش مۇستەھەب. خالىسا، ئون ئىككى رەكئەتكىچە ئوقۇسا بولىدۇ. بۇ ناماز «چاشگاھ نامىزى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىستىخارە نامىزى ئىككى رەكئەت بولۇپ، بۇ ناماز مۇستەھەب.

ھاجەت نامىزى ئىككى رەكئەت بولۇپ، بۇ ناماز مۇستەھەب.

رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كېچىسىنى ئىھيا قىلىش (ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش) مۇستەھەب.

روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش مۇستەھەب.

زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كېچىسىنى ئىھيا قىلىش مۇستەھەب.

شەئبان ئېيىنىڭ 15 - كېچىسىنى ئىھيا قىلىش مۇستەھەب.

بىر - بىرىنى چاقىرىشىپ، مەزكۇر كېچىلەردىن بىرىنى ئىھيا قىلىش ئۈچۈن يىغىلىش مەكرۇھ، ئەمما بىر - بىرىنى چاقىرشماستىن يىغىلىشىپ قالغان بولسا كېرەك يوق.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: مەسجىدكە كىرگەندە ئوقۇلىدىغان تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزى ئىككى رەكئەت. ( )

B. ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئوقۇش كېرەك. ( )

C. تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزى تۆت رەكئەت. ( )

D. تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزى ئۈچ رەكئەت. ( )

2. سوئال: چاشگاھ نامىزى ئۈچۈن بۇ بايانلاردىن قايسىسى سۈننەتكە ئۇيغۇن؟

A. چاشگاھ ۋاقتىدا تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇش مۇستەھەب. خالىسا، ئۇن ئىككى رەكئەتكىچە ئوقۇسا بولىدۇ. ( )

B. چاشگاھ ۋاقتىدا تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇش مۇستەھەب. خالىسا، ئون تۆت رەكئەتكىچە ئوقۇسا بولىدۇ. ( )

C. چاشگاھ ۋاقتىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش مۇستەھەب. خالىسا، ئون ئىككى رەكئەتكىچە ئوقۇسا بولىدۇ. ( )

D. چاشگاھ نامىزى دەپ بىرەر ناماز يوق. ( )

3. سوئال: كېچىلەرنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش ھەققىدىكى ھۆكۈملەردىن قايسىسى خاتا؟

A. رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كېچىسىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش مۇستەھەب. ( )

B. ھېيت كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش مۇستەھەب. ( )

C. رەجەب ئېيىنىڭ 15-كېچىسىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش مۇستەھەب. ( )

D. زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كېچىسىنى ئىھيا قىلىش مۇستەھەب. ( )

4. سوئال: مۇستەھەب نامازلارنىڭ رەكئەت سانى ھەققىدە توغرىدىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. ھاجەت نامىزى ئىككى رەكئەت. ( )

B. تاھارەت نامىزى ئىككى رەكئەت. ( )

C. ئىستىخارە نامىزى تۆت رەكئەت. ( )

D. تەھىييەتۇل مەسجىد ئىككى رەكئەت. ( )

5. سوئال: روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كېچىلىرى ھەققىدە توغرىدىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش مۇستەھەب. ( )

B. ھېيت دېگەندە ئويناش كېرەك، ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش مەكرۇھ. ( )

C. مېھمان چاقىرىپ، يەپ – ئىچىپ ئۆتكۈزۈش مۇستەھەب. ( )

D. ھېچ ئىش قىلماي، پۈتۈنلەي ئۇخلاپ ئۆتكۈزۈش مۇستەھەب. ( )

رۇخسەتسىز بېسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ

## 22- دەرس

# تۈرلۈك نامازلارنى ئولتۇرۇپ ئوقۇش ھەققىدە

پەرز نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيالايدىغان كىشىنىڭ ئولتۇرۇپ ئوقۇشى دۇرۇس بولمايدۇ.

ۋاجىب نامازنىمۇ ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشقا قادىر تۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ.

نەفلە نامازلارنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشقا قادىر تۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئوقۇش دۇرۇس.

نەفلە نامازلارنى ئۆزرىسىز ئولتۇرۇپ ئوقۇغان كىشىگە ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغان كىشىگە بېرىلىدىغان ئەجىرنىڭ يېرىمى بولىدۇ.

ئۆزرە بىلەن ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇغان كىشىگە ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغان كىشى بىلەن ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ.

ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇغان كىشى تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرىدۇ.

نەفلە نامازنى ئۆرە تۇرۇپ باشلىغان كىشىنىڭ داۋامىنى ئولتۇرۇپ ئوقۇشى مەكرۇھ بولمايدۇ.



## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇيالايدىغان كىشى نەفلە نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇسا بولامدۇ؟

A. دۇرۇس ئەمەس ( )

B. مەكرۇھ ( )

C. دۇرۇس ( )

D. هارام ( )

2. سوئال: نەفلە نامازنى ئۆزرسىز ئولتۇرۇپ ئوقۇغان كىشىنىڭ ئەجرى قانچىلىك بولىدۇ؟

A. ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغاننىڭ ئەجرىگە ئوخشاش بولىدۇ. ( )

B. ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغاننىڭ ئەجرىدىن ئۈچتىن بىرى بولىدۇ. ( )

C. ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغاننىڭ ئەجرىدىن يېرىمى بولىدۇ. ( )

D. ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغاننىڭ ئەجرىدىن تۆتتىن بىرى بولىدۇ. ( )

3. سوئال: ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشى قانداق هالەتتە ئولتۇرۇشى كېرەك؟

A. خالىغان هالەتتە ئولتۇرسا بولىدۇ. ( )

B. ئىككى پۇتىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. ( )

C. تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرىدۇ. ( )

D. ئىككى پۇتىنى ئالدىغا چىقىرىپ ئولتۇرىدۇ. ( )

4. سوئال: ۋاجىب نامازلارنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشقا قادىر تۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئوقۇشنىڭ هۆكمى نېمە؟

A. دۇرۇس ئەمەس ( )

B. دۇرۇس ( )

C. ۋاجىب ( )

D. مەكرۇھ ( )

5. سوئال: نەفلە نامازنى ئۆرە تۇرۇپ باشلىغان كىشى داۋامىنى ئولتۇرۇپ ئوقۇسا بولامدۇ؟

A. چوقۇم ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشى كېرەك. ( )

B. ئولتۇرۇپ ئوقۇشى كېرەك. ( )

C. ئولتۇرۇپ ئوقۇشى جائىز. ( )

D. ئولتۇرۇپ ئوقۇسمۇ ياكى يېنىچە يېتىپ ئوقۇسمۇ بولىدۇ. ( )

# 23- دەرس

## تۆرلۈك نامازلارنى ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇش ھەققىدە



پەرز نامازلارنى ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ. ۋاجىب نامازنىمۇ شۇنداق.

ۋىتىر نامىزى، نەزىر[36] نامىزى ۋە باشلاپ بولغاندىن كېيىن بۇزۇۋەتكەن نەفلە ناماز قاتارلىقلارنى ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇش جائىز ئەمەس.

نامازخان ئۆزرىلىك بولسا، مەسىلەن، باستۇرۇپ كەلگەن دۈشمەندىن قورقسا، يىرتقۇچ ھايۋاندىن ياكى ئۇلاغنىڭ سەركەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرىسە، ناماز ئوقۇماقچى بولغان يەر پاتقاق بولسا، مەيلى پەرز ياكى ۋاجىب ناماز بولسۇن، ئۇلىغى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئوقۇشى دۇرۇس.

ئۆزى مىنەلمەيدىغان، مىندۈرۈپ قويىدىغان ئادەممۇ تاپالمايدىغان كىشىنىڭ ئۇلىغىدىن چۈشمەيلا، ئۇلىغى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇشى دۇرۇس.

تەكىتلەنگەن سۈننەت نامازلارنى ئۇلاغ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئوقۇش دۇرۇس. بىراق، بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى يەرگە چۈشۈپ ئوقۇيدۇ. چۈنكى، بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتى باشقا سۈننەتلەرگە قارىغاندا ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.



شەھەر سىرتىدا ئۇلاغ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇماقچى بولسا، ئۇلاغ قايسى تەرەپكە قاراپ ماڭغان بولسا، شۇ تەرەپكە قاراپ ئىشارەت بىلەن ئوقۇيدۇ.

---

36. بىر مۇسۇلمانىنىڭ شەرىئەتتە ۋاجىب بولمىغان بىرەر ئىبادەتنى ئاللاھقا يېقىنلىق ئىزدەش مەقسىتىدە شەرتلىك ياكى شەرتسىز ھالدا ئۆزىگە ئۆزى ۋاجىب قىلىشى «نەزر» دېيىلىدۇ.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: ئۇلاغ ئۈستىدە قايسى نامازلارنى ئوقۇشقا بولمايدۇ؟

A. پەقەت پەرز نامازلارنىلا ئوقۇغىلى بولمايدۇ. ( )

B. پەقەت ۋاجىب نامازلارنىلا ئوقۇغىلى بولمايدۇ. ( )

C. پەرز ۋە ۋاجىب نامازلارنى ئوقۇغىلى بولمايدۇ. ( )

D. پەقەت نەفلە نامازلارنىلا ئوقۇغىلى بولمايدۇ. ( )

2. سوئال: قانداق ئەھۋالدا پەرز ياكى ۋاجىب نامازنى ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇشقا بولىدۇ؟

A. نامازخان ئۆزرىلىك بولسا، ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇشقا بولىدۇ. ( )

B. ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇشقا بولىدۇ. ( )

C. ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇشقا بولمايدۇ. ( )

D. قاتناش ۋاستىلىرىدىن پەقەت ئايروپىلان ئۈستىدە ئوقۇشقا بولىدۇ. ( )

3. سوئال: تەكتىلەنگەن سۈننەت نامازلارنى ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇش ھەققىدىكى ھۆكۈملەردىن قايسىسى توغرا؟

A. تەكتىلەنگەن سۈننەت نامازلارنى ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇش دۇرۇس. پەقەت بامداتنىڭ سۈننىتىنىلا يەرگە چۈشۈپ ئوقۇيدۇ. ( )

B. تەكتىلەنگەن سۈننەت نامازلارنىڭ ھەممىنى ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇش دۇرۇس ئەمەس. ( )

C. تەكتىلەنگەن سۈننەت نامازلاردىن پەقەت خۇپتەننىڭ سۈننىتىدىن باشقىسىنى ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇيدۇ. ( )

D. تەكتىلەنگەن سۈننەت نامازلارنى ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇسا نامىزى باتىل بولىدۇ. ( )

4. سوئال: ئۇلاغ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇغاندا قايسى تەرەپكە قاراش كېرەك؟

A. قىبلە تەرەپكە قاراپ ئوقۇش كېرەك. ( )

B. شەرق تەرەپكە قاراپ ئوقۇش كېرەك. ( )

C. غەرب تەرەپكە قاراپ ئوقۇش كېرەك. ( )

D. ئۇلاغ قايسى تەرەپكە ماڭغان بولسا، شۇ تەرەپكە قاراپ ئوقۇش كېرەك. ( )

5. سوئال: ناماز ئوقۇماقچى بولغان يەر يامغۇر سەۋەبىدىن پاتقاق بولسا قانداق قىلىدۇ؟

A. پەقەت نەفلە نامازلارنى ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇشقا بولىدۇ. ( )

B. ناماز ئوقۇماقچى بولغان يەر يامغۇر سەۋەبىدىن پاتقاق بولسا، مەيلى پەرز ياكى ۋاجىب ناماز بولسۇن، ئۇلىغى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئوقۇشى دۇرۇس. ( )

C. پەقەت پەرز نامازلارنى ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇشقا بولىدۇ. ( )

D. ھېچبىر نامازنى ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇمايدۇ، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسىمۇ كېيىن قازاسىنى قىلىدۇ. ( )

روۇخسەتسىز بېسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ

# 24- دەرس

## تۆرلۈك نامازلارنى كېمىدە ئوقۇش ھەققىدە

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ قارىشىدا، مېڭىۋاتقان كېمىدە ئۆزرىسىز ھالدا، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇش دۇرۇس.

ئىمام ئەبۇ يۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد رەھىمەھۇماللاھنىڭ قارىشىدا، مېڭىۋاتقان كېمىدە ئۆزرىسىز ھالدا، ئولتۇرۇپ پەرز ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ.

كېمىدە رۇكۇ ۋە سەجدە قىلالايدىغان كىشىنىڭ ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇشى دۇرۇس بولمايدۇ.

كېمە ساھىلغا باغلانغان بولسا، ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيالايدىغان كىشىنىڭ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇشى جائىز بولمايدۇ.

كېمىدىن چىقالمىغان كىشىنىڭ مەيلى كېمە باغلانغان بولسۇن ياكى مېڭىۋاتقان بولسۇن، كېمىنىڭ ئىچىدە ناماز ئوقۇشى جائىز.



## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھمەھۇللاھنىڭ قارىشىدا، مېڭىۋاتقان كېمىدە ناماز ئوقۇشقا بولامدۇ؟

A. ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشى دۇرۇس. ( )

B. ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇشى دۇرۇس. ( )

C. ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇشى دۇرۇس. ( )

D. ئۆزرىسىز ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇشى دۇرۇس ئەمەس. ( )

2. سوئال: كېمىنىڭ ئىچىدە ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

A. رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغۇدەك يەر بولسا، ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇشى دۇرۇس ئەمەس. ( )

B. رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغۇدەك يەر بولسا، ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇشى دۇرۇس. ( )

C. رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغۇدەك يەر بولسۇن — بولمىسۇن، ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇشى دۇرۇس. ( )

D. رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغۇدەك يەر بولمىسا، ئىشارەت بىلەن پەقەت نەفلە ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ. ( )

3. سوئال: كېمە ساھىلغا باغلانغان ۋاقىتتا، ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇيالايدىغان كىشىنىڭ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇشىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

A. ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيالايدىغان كىشى ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا جائىز. ( )

B. ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيالايدىغان كىشى ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا جائىز ئەمەس. ( )

C. ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيالايدىغان كىشىنىڭ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇشى ۋاجىب. ( )

D. ئـۆرە تـۇرۇپ ئوقۇيالايدىغـان كىشـىنىڭ ئـۆرە تـۇرۇپ نامـاز ئوقۇشـى مەكـرۇھ.
( )

4. سـوئال: كېمىدىـن چىقالمىغـان كىشـى كېمىنىـڭ ئىچىـدە قانـداق نامـاز ئوقۇسـا
بولىدۇ؟

A. كېمە باغلانغان بولسىلا كېمىدە ناماز ئوقۇشى جائىزدۇر. ( )

B. كېمە مېڭىۋاتقان بولسىلا كېمىدە ناماز ئوقۇشى جائىزدۇر. ( )

C. كېمـە مەيلـى باغلانغـان ياكـى مېڭىۋاتقـان بولسـۇن، كېمىـدە نامـاز ئوقۇشـى
جائىـزدۇر. ( )

D. ھەر قانداق ئەھۋالدا كېمىدە ناماز ئوقۇشى جائىز ئەمەس. ( )

رۇخسەتسىز بېسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ

## 25-دەرس

# تۈرلۈك نامازلارنى پويىز ياكى ئايروپىلاندا ئوقۇش ھەققىدە



ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھمەھۇللاھنىڭ مەزھىپىگە ئاساسلانغاندا، مېڭىۋاتقان پويىز ۋە ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلان ئىچىدە پەرز ياكى ۋاجىب نامازلارنى ئۆزرىسىز، ئولتۇرۇپ ئوقۇش دۇرۇس. (ئەمما) باشقا كۆپىنچە ھەنەفىي ئىماملارنىڭ قارشىدا، بېشى قېيىش دېگەندەك بىرەر ئۆزرىسى بولمىسا، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ.[37]

پويىز ئۆرە تۇرغان ئادەم يىقىلىپ چۈشكۈدەك دەرىجىدە قاتتىق ھەرىكەتلىنىدىغان بولسا، نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇش دۇرۇس.

پويىزدا سەجدە قىلغۇدەك تۈز يەر تېپىلمىسا، ئىككى ئورۇندۇق ئارىسىدا ئۆرە تۇرۇپ، بىر ئورۇندۇق ئۈستىگە سەجدە قىلىپ ناماز ئوقۇسا، دۇرۇس بولىدۇ.

پويىز مېڭىشتىن توختىغان ياكى ئايروپىلان يەرگە قونغان بولسا، ھەممە ئىماملارنىڭ قارشىدا ئۆزرىسىز، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ.

نامىزنى قىبلە تەرەپكە قاراپ باشلىغاندىن كېيىن پويىز ياكى ئايروپىلاننىڭ يۆنىلىشى ئۆزگەرگەن بولسا، قىبلە تەرەپكە بۇرۇلىدۇ.

ئەگەر قىبلە تەرەپكە بۇرۇلالمىسا ياكى پويىز يا ئايروپىلاننىڭ يۆنىلىشى ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلەلمىگەن بولسا، نامىزى دۇرۇس بولىدۇ.

---

37. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (سەپەردە) ئۇلاغ ئۈستىدە، يۆنىلىشى قايسى تەرەپكە بولسا، شۇ تەرەپكە قاراپ، نەفلە نامازلارنى ۋە ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇيتتى، بىراق پەرز نامازنى ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇمايتتى». «بۇخارىي»، 1098 ـ ھەدىس.
يۇقىرىقى ھەدىستە ئوچۇق بايان قىلىنغاندەك، نەفلە نامازنى ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇشقا بولىدۇ، ئەمما پەرز نامازنى ئۆزرىسىز ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇشقا بولمايدۇ. بۇ مەسىلىدە قىبلىگە يۈزلىنىش، رۇكۇ ـ سەجدە ۋە قىيامدىن ئەركانلارنى جايىدا ئادا قىلغىلى بولمايدىغان ماشىنا، پويىز ۋە ئايروپىلان قاتارلىقلارمۇ ئۇلاغقا ئوخشاشتۇر. ئەگەر بۇ خىل قاتناش ۋاستىلىرىدىن ناماز ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ بولغىچە چۈشۈپ، نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇۋېلىش مۇمكىن بولسا، يەرگە چۈشۈپ ئادا قىلىش كېرەك. مۇمكىن بولمىسا، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ خۇددى كارىۋات ئۈستىدىن چۈشەلمەيدىغان ئېغىر كېسەلگە ئوخشاش رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئىشارەت بىلەن ئوقۇسا بولىدۇ.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: پويىزدا سەجدە قىلغۇدەك يەر تېپىلمىغاندا قانداق ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ؟

A. پويىزدا سەجدە قىلغۇدەك يەر بولمىسا، نامازنى ئوقۇمايدۇ. ( )

B. پويىزدا سەجدە قىلغۇدەك يەر بولمىسا، ئولتۇرۇپ ئىشارەت بىلەن ئوقۇش كېرەك. ( )

C. پويىزدا سەجدە قىلغۇدەك يەر بولمىسا، ئىككى ئورۇندۇق ئارىسىدا ئۆرە تۇرۇپ، بىر ئورۇندۇق ئۈستىگە سەجدە قىلىپ ناماز ئوقۇسا، دۇرۇس بولىدۇ. ( )

D. پويىزدا سەجدە قىلغۇدەك يەر بولمىسا، ئۆرە تۇرۇپ ئىشارەت بىلەن ئوقۇش كېرەك. ( )

2. سوئال: ئايروپىلان يەرگە قونغاندا قانداق ئەھۋالدا ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ؟

A. ئايروپىلان يەرگە قونغاندا ئۆرە تۇرالمىسا، ئولتۇرۇپ ئوقۇش دۇرۇس. ( )

B. ئايروپىلان يەرگە قونغاندا ئۆزرىسىز بولسىمۇ، ئولتۇرۇپ ئوقۇش دۇرۇس. ( )

C. ئايروپىلان يەرگە قونغاندا ئۆزرىسى بولسىمۇ، ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇش ۋاجىب. ( )

D. ئايروپىلان يەرگە قونغاندا چوقۇم ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان پېتى ئوقۇشى ۋاجىب. ( )

3. سوئال: ناماز ئوقۇۋاتقاندا پويىز ياكى ئايروپىلاننىڭ يۆنىلىشى ئۆزگەرسە نېمە قىلىش كېرەك؟

A. نامازنى بۇزۇپ قايتا باشلاش كېرەك. ( )

B. قىبلە تەرەپكە بۇرۇلۇشقا قادىر بولالىسا، بۇرۇلۇش كېرەك. ( )

C. نامازنى قايسى تەرەپكە قاراپ باشلىغان بولسا، شۇ پېتى داۋاملاشتۇرۇۋېرىش كېرەك. ( )

D. ئايروپىلاننىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇن ئوقۇغان رەكئەتلەرنى قايتا ئوقۇش كېرەك. ( )

4. سوئال: ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ قارىشىدا، مېڭىۋاتقان پويىزدا ئۆزرىسىز قايسى نامازنى ئوقۇشقا بولىدۇ؟

A. مېڭىۋاتقان پويىزدا پەقەت سۈننەت نامازلارنىلا ئۆزرىسىز ئوقۇشقا بولىدۇ. ( )

B. مېڭىۋاتقان پويىزدا پەقەت تەھەججۇد نامازلىرىنىلا ئۆزرىسىز ئوقۇشقا بولىدۇ. ( )

C. مېڭىۋاتقان پويىزدا ئۆزرىسىز پەرز، ۋاجىب ۋە نەفلە نامازلارنى ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا بولىدۇ. ( )

D. مېڭىۋاتقان پويىزدا ئۆزرىسىز ھېچقانداق نامازنى ئوقۇشقا بولمايدۇ. ( )

5. سوئال: پويىز ياكى ئايروپىلاننىڭ يۆنىلىشى ئۆزگەرگەندە، قىبلە تەرەپكە بۇرۇلالمىسا ياكى يۆنىلىشنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلەلمىگەن بولسا، نامىزى قانداق بولىدۇ؟

A. نامىزى بۇزۇلىدۇ ۋە قايتا ئوقۇش كېرەك. ( )

B. ھەر قانداق نامىزى دۇرۇس بولىدۇ. ( )

C. پەقەت سۈننەت نامازلىرىلا دۇرۇس بولىدۇ. ( )

D. پەقەت نەفلە نامازلىرىلا دۇرۇس بولىدۇ. ( )

## تەراۋىھ نامىزى ھەققىدە

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى رامىزان (كېچىلىرىدە) ئىمان ئېيتقان ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا قىيامدا تۇرسا، ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[38].

### تەراۋىھ نامىزىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى:



تەراۋىھ نامىزى – رامىزان كېچىلىرىدە خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ھەر ئىككى رەكئەتتە بىر قېتىم سالام بېرىپ، ھەر تۆت رەكئەتتىن كېيىن بىرئاز ئارام ئېلىپ ئوقۇلىدىغان، 20 رەكئەتلىك نامازدۇر.

### تەراۋىھ نامىزىنىڭ يولغا قويۇلۇشى:

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى رامىزان (كېچىلىرىدە) ئىمان ئېيتقان ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا قىيامدا تۇرسا، ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[39].

### تەراۋىھ نامىزىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئەھكاملار:

تەراۋىھ «ئارام ئالدۇرۇش» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ساھابىلەر ھەر تۆت رەكئەتتىن كېيىن بىرئاز ئارام ئالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ناماز «تەراۋىھ نامىزى» دەپ ئاتالغان. ئۇ يەنە «رامىزان قىيامى» (رامىزان كېچىلىرى ئوقۇلىدىغان ناماز) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

تەراۋىھ نامىزى ئەر - ئايال ھەربىر كىشىگە تەكىتلەنگەن سۈننەتتۇر.

مەھەللە جامائىتىنىڭ تەراۋىھ نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇشى سۈننەتى كىفايەدۇر (يەنى بەزىلەر ئادا قىلسا، باشقىلاردىن ساقىت بولىدۇ).

تەراۋىھ نامىزىنى ۋىتىردىن بۇرۇن ئوقۇش مۇستەھەب.

ۋىتىر نامىزىنى تەراۋىھ نامىزىدىن بۇرۇن ئوقۇش دۇرۇس، لېكىن تەراۋىھ

38. «بۇخارىي»، 2009 - ھەدىس.
39. «بۇخارىي»، 2009 - ھەدىس.

نامىزىنـى ۋىتىردىـن بـۇرۇن ئوقـۇش ئەۋزەلـدۇر.

تەراۋىـھ نامىزىنـى كىچىنىـڭ ئاۋۋالقـى ئۈچتـن بىرىگـە ھەتتـا كىچىنىـڭ يېرىمىغـا قـەدەر كېچىكتـۈرۈپ ئوقـۇش مۇسـتەھەب. ئەممـا، كىچىنىـڭ يېرىمىدىـن كېچىكتـۈرۈپ ئوقـۇش مەكـرۇھ.

ھـەر تـۆت رەكئەتتىـن كېيىـن تـۆت رەكئـەت مىقـدارى ئـارام ئېلىـپ ئولتـۇرۇش مۇسـتەھەب.

بەشىنچى قېتىملىق ئارام بىلەن ۋىتىر ئارىلىقىدا ئولتۇرۇشمۇ مۇستەھەب.

قۇرئـان كەرىمنىـڭ ھەممىنـى رامـزان ئېيـى ئىچىـدە، تەراۋىـھ نامىزىـدا بىـر قېتىـم بولسـىمۇ تامـام قىلىش سـۈننەت.

جامائەتنىــڭ ھۇرۇنلۇقــى تۈپەيلــى قۇرئاننىــڭ ھەممىنــى تامــام (خەتمــە) قىلماســلىق توغــرا بولمايــدۇ.

تەراۋىــھ نامىزىدىكــى ھــەر تەشــەھھۇدتا جامائــەت ھۇرۇنلــۇق قىلســىمۇ، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمگە دۇرۇت ئوقۇماسـلىقىقا، ھەمدۇسـانا، رۇكـۇ ۋە سـەجدىدە ئوقۇلىدىغـان تەسـبىھلەرنى تاشـلاپ قويۇشـقا بولمايـدۇ.

ئەگــەر جامائەتكــە مالاللىــق يېتىدىغــان ئــش بولســا، دۇرۇتتىــن كېيىــن ئوقۇلىدىغـان دۇئانـى ئوقۇمىسـىمۇ بولىـدۇ. لېكىـن، سـۈننەتنى ئـادا قىلىـش ئۈچـۈن، قىسـقا بولسـىمۇ دۇئـا قىلىـش ئـەۋزەل.

مەيلى يالغۇز ياكى جامائەتلىك بولسۇن، تەراۋىھ نامىزىنىڭ قازاسى قىلىنمايدۇ.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: تەراۋىھ نامىزى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. تەراۋىھ نامىزى رامىزاندىلا يولغا قويۇلغان ناماز. ( )

B. تەراۋىھ نامىزى تەكىتلەنگەن سۈننەت. ( )

C. تەراۋىھ نامىزى يىگىرمە رەكئەت. ( )

D. تەراۋىھ نامىزىنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىب. ( )

2. سوئال: تەراۋىھ نامىزىنىڭ ۋاقتى مەسىلىسىدە توغرىسى قايسى؟

A. كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئوقۇش مۇستەھەب. ( )

B. كېچىنىڭ يېرىمىغىچە كېچىكتۈرۈش مۇستەھەب. ( )

C. خۇپتەندىن كېيىنلا دەرھال ئوقۇش كېرەك. ( )

D. قاراڭغۇ چۈشكەن ھامان ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. ( )

3. سوئال: تەراۋىھتا قۇرئان ئوقۇش مەسىلىسىدە خاتا بولغىنى قايسى؟

A. رامىزاندا بىر قېتىم خەتمە قىلىش سۈننەت. ( )

B. جامائەت ھورۇن بولسا خەتمە قىلمىسىمۇ بولىدۇ. ( )

C. جامائەتكە ئېغىر كەلمەيدىغان دەرىجىدە يەڭگىل ئوقۇش كېرەك. ( )

D. جامائەتنىڭ ھورۇنلۇقى تۈپەيلى قۇرئاننىڭ ھەممىنى تامام (خەتمە قىلماسلىق توغرا بولمايدۇ. ( )

4. سوئال: تەراۋىھ نامىزىدا ئارام ئېلىش ھەققىدە خاتاسى قايسى؟

A. ھەر تۆت رەكئەتتىن كېيىن ئارام ئېلىش مۇستەھەب. ( )

B. بەشىنچى ئارام بىلەن ۋىتىر ئارىسىدا ئولتۇرۇش مۇستەھەب. ( )

C. ئارام ئېلىش مۇددىتى تۆت رەكئەت مىقدارىچەدۇر. ( )

D. ھەر ئىككى رەكئەتتىن كېيىن ئارام ئېلىش كېرەك. ( )

5. سوئال: تەراۋىھ نامىزىغا ئالاقىدار تۆۋەندە دېيىلگەنلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. تەشەھھۇدتا ئوقۇلىدىغان دۇرۇتنى تاشلاشقا بولمايدۇ. ( )

B. رۇكۇ ۋە سەجدىدە ئوقۇلىدىغان تەسبىھلەرنى تاشلاشقا بولمايدۇ. ( )

C. جامائەت ھۇزۇرلۇق قىلسا، دۇئانى ئۈزۈن قىلسا بولىدۇ. ( )

D. قىسقا بولسىمۇ دۇئا قىلىش ئەۋزەل. ( )

27- دەرس

# يولۇچى نامىزى ھەققىدە

## سەپەردە نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇشنىڭ دەلىللىرى:



ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (سەپەرگە چىققان ۋاقتىڭلاردا كاپىرلارنىڭ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ قالساڭلار، نامازنى قەسىر قىلىپ (يەنى تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەت قىلىپ) ئوقۇساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ)[40].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىللە مەدىنىدىن مەككىگە قاراپ يولغا چىققان ئىدۇق. تاكى مەدىنىگە قايتقانغا قەدەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازلارنى ئىككى رەكئەتتىن، ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇغان ئىدى»[41].

## سەپەردە نامازنى قەسىر قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئەھكاملار:

سەپەردە نامازنى قەسىر قىلىش ۋاجىب بولىدىغان، رامىزاندا روزا تۇتماسلىق رۇخسەت قىلىنىدىغان ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم يىلنىڭ ئەڭ قىسقا كۈنلىرىدە، ئوتتۇراھال يول يۈرۈش ھېسابىدا ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىدۇر.

يول يۈرۈشتە پىيادە ياكى تۆگە يۈرۈشى ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

پويىز ۋە ئايروپىلانغا ئوخشاش تېز سۈرئەتلىك قاتناشقا ئولتۇرۇپ، ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىنى بىر سائەتتە بېسىپ بولسىمۇ، نامازنى قەسىر قىلىش[42] ۋاجىب.

يولۇچىنىڭ نامازنى قەسىر قىلىشى ۋاجىب.

سەپەردە نامازنى (قەسىر قىلماي) تولۇق ئوقۇغان كىشى سۈننەتكە ئەمەل

40. «نىسا» سۈرىسى، 101 ـ ئايەت.
41. «بۇخارىي»، 1081 ـ ھەدىس.
42. سەپەردە تۆت رەكئەتلىك نامازنى ئىككى رەكئەت ئوقۇش «قەسىر» دېيىلىدۇ.

قىلمىغان بولىدۇ.

يولۇچى پېشىن، ئەسىر ۋە خۇپتەن نامازلىرىنىڭ تۆت رەكئەتلىك پەرزىنى قەسىر قىلىدۇ يەنى مۇشۇ ۋاقىتلاردا تۆت رەكئەتنىڭ ئورنىغا ئىككى رەكئەت ئوقۇيدۇ.

بامدات ۋە شام نامازلىرىدا قەسىر قىلمايدۇ.

## سەپەر نىيىتىنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتلىرى:

1. سەپەرنى نىيەت قىلغان كىشىنىڭ بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى يەنى نارەسىدە بالىغا نامازنى قەسىر قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ؛

2. سەپەرنى نىيەت قىلغان كىشىنىڭ سەپىردە مۇستەقىل بولۇشى يەنى سەپەر نىيىتى يوق كىشىگە ئەگىشىپ ماڭغان كىشىگە نامازنى قەسىر قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ؛

ئەر سەپەرنى نىيەت قىلمىسا، ئايالنىڭ نىيىتى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، چۈنكى ئايال ئېرىگە ئەگەشكۈچىدۇر.

خوجايىن سەپەرنى نىيەت قىلمىسا، خىزمەتكارنىڭ نىيىتى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، چۈنكى خىزمەتكار خوجايىنىغا ئەگەشكۈچىدۇر.

قوماندان سەپەرنى نىيەت قىلمىسا، ئەسكەرنىڭ نىيىتى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، چۈنكى ئەسكەر قوماندانغا ئەگەشكۈچىدۇر.

3. سەپەر مۇساپىسى ئاز دېگەندە، پىيادە يۈرۈشتە ئۈچ كۈندىن ئاز بولماسلىقى لازىم.

## قەسىر قىلىش قاچان باشلىنىدۇ؟

شەھەر سىرتىغا چىقماي تۇرۇپ، شەھەرنىڭ ئىمارەتلىرى بار مۇساپىنى تۈگىتىپ بولماي تۇرۇپ ياكى شەھەرنىڭ دائىرىسىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ قەسىر قىلىش جائىز بولمايدۇ.

شەھەر ياكى يېزىسىدىن ئايرىلماي، پەقەت سەپەرنى نىيەت قىلغانلىقى ئۈچۈنلا قەسىر قىلىش جائىز بولمايدۇ.

ھەج ۋە جىھادقا ئوخشاش تائەت سەپىرى بولسۇن، تىجارەتكە ئوخشاش مۇباھ ئىش ئۈچۈن قىلىنغان سەپەر بولسۇن ياكى ئوغرىلىققا ئوخشاش گۇناھ

ئۆچۈن قىلىنغان سەپەر بولسۇن، ھەرقانداق سەپەردە نامازنى قەسىر قىلىش جائىز.

يولۇچى تۆت رەكئەتلىك نامازنى تولۇق ئوقۇپ، ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتتىن كېيىن ئولتۇرغان بولسا، نامىزى دۇرۇس بولىدۇ. كېيىنكى ئىككى رەكئەت نەپلىگە ئايلىنىدۇ. لېكىن، سالامنى كېچىكتۈرگەنلىكى ئۈچۈن مەكرۇھ بولىدۇ.

يولۇچى تۆت رەكئەتلىك نامازنى تولۇق ئوقۇپ، ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتتىن كېيىن تەشەھھۇد مىقدارى ئولتۇرمىغان بولسا، نامىزى دۇرۇس بولمايدۇ، چۈنكى قەسىر قىلىش بىزنىڭ مەزھىبىمىزدە رۇخسەت ئەمەس، بەلكى ۋاجىبتۇر.

نامازنى قەسىر قىلىش مۇددىتى:

يولۇچى سەپەردىن قايتىپ، ئۆز شەھىرىگە كىرگۈچە داۋاملىق نامىزىنى قەسىر قىلىپ ئوقۇيدۇ.

يولۇچى بىر شەھەر ياكى يېزىدا 15 كۈن ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرۇشنى نىيەت قىلسا، نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇمايدۇ.

15 كۈندىن ئاز تۇرۇشنى نىيەت قىلسا، داۋاملىق قەسىر قىلىپ ئوقۇيدۇ.

ئۇنچىلىك تۇرۇشنى نىيەت قىلالماي، بىرقانچە يىل تۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇيدۇ.

**يولۇچىنىڭ مۇقىم تۇرغۇچىغا، مۇقىم تۇرغۇچىنىڭ يولۇچىغا ئىقتىدا قىلىشى:**

يولۇچىنىڭ مۇقىم تۇرغۇچىلارغا ئىقتىدا قىلىشى جائىز بولۇپ، نامازنى ئىمامغا ئەگىشىپ تولۇق تۆت رەكئەت ئوقۇيدۇ.

مۇقىم تۇرغۇچىنىڭ يولۇچىغا ئىقتىدا قىلىشىمۇ جائىز.

ئەگەر يولۇچى مۇقىم تۇرغان كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇسا، سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا: «سىلەر نامىزىڭلارنى تولۇقلاپ ئوقۇۋېلىڭلار، مەن يولۇچى» دەپ قويۇشى كېرەك. بۇنى نامازغا كىرىشتىن بۇرۇن ۋە نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىن دەپ قويۇشى ئەڭ ياخشىدۇر.

ئىمام سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، مۇقىم تۇرغۇچى نامىزىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرسا، قىرائەت قىلمايدۇ، بەلكى نامىزىنى خۇددى ئىمامغا ئەگىشىپ ئوقۇۋاتقان كىشىگە ئوخشاش قىرائەت قىلماستىن تاماملايدۇ.

يولۇچى سەپەردە تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسا،

مەيلى سەپەر ئۈستىدە ياكى ئۆز شەھىرىگە كىرگەندە قازاسىنى قىلسۇن، ئىككى رەكئەت ئوقۇيدۇ.

ئۆز شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان كىشى تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسا، مەيلى سەپەر ئۈستىدە ياكى ئۆز شەھىرىدە بولسۇن، قازاسىنى تۆت رەكئەت ئوقۇيدۇ.

**ۋەتەننىڭ تۈرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار:**

ئەسلى ۋەتەننىڭ سەپەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملىرى يەنە بىر ئەسلى ۋەتەن بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ.

بىر كىشى ئەسلى ۋەتىنىنى تاشلاپ، باشقا بىر شەھەرگە كۆچۈپ يەرلەشكەندىن كېيىن، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەسلى ۋەتىنىگە بارغان بولسا، نامىزىنى قەسىر قىلىپ ئوقۇيدۇ. چۈنكى، ئۇ يەر ھازىر ئۇنىڭ ۋەتىنى ھېسابلانمايدۇ (سەپەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملاردا شۇنداق).

ۋاقىتلىق تۇرغان جاينىڭ سەپەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملىرى يەنە بىر ۋاقىتلىق تۇرىدىغان جايغا كۆچۈش بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ.

ۋاقىتلىق تۇرغان جاينىڭ ئەھكاملىرى ئۇ يەردىن سەپەر قىلىش (ئايرىلىش) ياكى ئەسلى ۋەتىنىگە قايتىش بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ.

ئەسلى ۋەتەن: مەيلى شۇ جايدا ئائىلە قۇرغان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، يەرلىشىپ ياشىغان ئورۇننى كۆرسىتىدۇ.

ئىقامەت ۋەتىنى (ۋاقىتلىق تۇرىدىغان جاي) 15 كۈن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ تۇرۇشنى نىيەت قىلغان جاينى كۆرسىتىدۇ.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: سەپەردە نامازنى قەسىر قىلىش مەسىلىسىدە خاتاسى قايسى؟

A. ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىدە قەسىر قىلىنىدۇ. ( )

B. ئۈچ كۈنلۈك مۇساپە بولسا، پىيادە بىر سائەتتە بارسىمۇ قەسىر قىلىدۇ. ( )

C. سەپەردە نامازنى تولۇق ئوقۇسا ياخشى. ( )

D. بامدات ۋە شام نامازلىرى قەسىر قىلىنمايدۇ. ( )

2. سوئال: سەپەر نىيىتى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. خىزمەتكار خوجايىنىغا ئەگىشىدۇ. ( )

B. ئايال ئېرىگە ئەگىشىدۇ. ( )

C. ئەسكەر قوماندانىغا ئەگىشىدۇ. ( )

D. مۇستەقىل بىر تىجارەتچى يەنە بىر تىجارەتچىگە ئەگىشىدۇ. ( )

3. سوئال: قەسىر قىلىشنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە توغرىسى قايسى؟

A. سەپەرنى نىيەت قىلغان ھامان باشلىنىدۇ. ( )

B. شەھەر ئىچىدە باشلاشقا بولىدۇ. ( )

C. شەھەر دائىرىسىدىن چىققاندا باشلىنىدۇ. ( )

D. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن باشلىنىدۇ. ( )

4. سوئال: نامازنى قەسىر قىلىش مۇددىتى ھەققىدە توغرىسى قايسى؟

A. بىر شەھەردە 15 كۈن ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرۇشنى نىيەت قىلسا، تولۇق ئوقۇيدۇ. ( )

B. بىر شەھەردە 15 كۈندىن ئاز تۇرۇشنى نىيەت قىلسا، تولۇق ئوقۇيدۇ. ( )

C. قانچە كۈن تۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرالمىسا، داۋاملىق تولۇق ئوقۇيدۇ. ( )

D. ئۆز شەھىرىگە قايتقۇچە يول ئۈستىدە تولۇق ئوقۇيدۇ. (  )

5. سوئال: يولۇچى بىلەن مۇقىمنىڭ بىر – بىرىگە ئىقتىدا قىلىشى توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. يولۇچى مۇقىم كىشىگە ئىقتىدا قىلسا، تولۇق ئوقۇيدۇ. (  )

B. مۇقىم كىشى يولۇچىغا ئىقتىدا قىلسا، تولۇق ئوقۇيدۇ. (  )

C. ئىمام بولغان يولۇچى جامائەتكە نامازنى قەسىر قىلدىغانلىقىنى ئېيتىشى كېرەك. (  )

D. مۇقىم كىشى يولۇچىغا ئىقتىدا قىلسا، نامازنى قەسر قىلىدۇ. (  )

6. سوئال: ئوقۇيالمىغان تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن خاتاسى قايسى؟

A. يولۇچى ئىككى رەكئەت قازاسىنى قىلىدۇ. (  )

B. مۇقىم كىشى تۆت رەكئەت قازاسىنى قىلىدۇ. (  )

C. يولۇچى سەپەر جەريانىدا ئوقۇيالمىغان تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ قازاسىنى ئۆز شەھىرىگە كىرگەندە ئىككى رەكئەت قىلىپ ئوقۇيدۇ. (  )

D. يولۇچى سەپەر جەريانىدا ئوقۇيالمىغان تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ قازاسىنى ئۆز شەھىرىگە كىرگەندە تۆت رەكئەت قىلىپ ئوقۇيدۇ. (  )

7. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. بىر كىشى ئەسلى ۋەتىنىنى تاشلاپ، باشقا بىر شەھەرگە كۆچۈپ يەرلەشكەندىن كېيىن، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەسلى ۋەتىنىگە بارغان بولسا، نامىزىنى قەسىر قىلىپ ئوقۇيدۇ. (  )

B. ۋاقىتلىق تۇرغان جايىنىڭ ئەھكاملىرى ئۇ يەردىن سەپەر قىلىش (ئايرىلىش) ياكى ئەسلى ۋەتىنىگە قايتىش بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ. (  )

C. ئەسلى ۋەتەن: مەيلى شۇ جايدا ئائىلە قۇرغان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، يەرلىشىپ ياشىغان ئورۇننى كۆرسىتىدۇ. (  )

D. بىر كىشى ئەسلى ۋەتىنىنى تاشلاپ، باشقا بىر شەھەرگە كۆچۈپ يەرلەشكەندىن كېيىن، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەسلى ۋەتىنىگە بارغان بولسا، نامىزىنى قەسىر قىلماي تولۇق ئوقۇيدۇ. (  )

8. سوئال: تۆت رەكئەتلىك نامازنى سەپەردە قەسىر قىلماي تولۇق ئوقۇش ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. نامىزى قوبۇل بولمايدۇ. ( )

B. كېيىنكى ئىككى رەكئەت نەفلە بولىدۇ. ( )

C. پۈتۈنلەي نەفلىگە ئايلىنىدۇ. ( )

D. پەرز زىممىسىدىن ئادا بولىدۇ، لېكىن يەنە قايتا ئوقۇشى لازىم بولىدۇ. ( )

9. سوئال: سەپەردە نامازنى قەسىر قىلىش ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن خاتاسى قايسى؟

A. گۇناھ ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە سەپەر قىلغان كىشى نامازنى قەسىر قىلمايدۇ. ( )

B. ھەج سەپىرىدە ناماز قەسىر قىلىنىدۇ. ( )

C. ساياھەت سەپىرىدە ناماز قەسىر قىلىنىدۇ. ( )

D. ئىلىم سەپىرىدە قەسىر قىلىنىدۇ. ( )

10. سوئال: نامازنى قەسىر قىلىشنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى قايسى؟

A. سەپەرنى نىيەت قىلىپ ئۆيدىن چىققاندىن باشلاپ قەسىر قىلىش جائىز بولىدۇ. ( )

B. شەھەر سىرتىغا چىقماي تۇرۇپ، شەھەرنىڭ ئىمارەتلىرى بار مۇساپىنى تۈگىتىپ بولماي تۇرۇپ ياكى شەھەرنىڭ دائىرىسىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ قەسىر قىلىش جائىز بولمايدۇ. ( )

C. سەپەرنى نىيەت قىلىپ ئۆيدىن چىقىپ، ئىككى كىلومېتىر مېڭىپ بولغاندىن كېيىن قەسىر قىلىش جائىز بولىدۇ. ( )

D. سەپەرنى نىيەت قىلغاندىن باشلاپ، ئۆيدە بولسىمۇ قەسىر قىلىش جائىز بولىدۇ. ( )

# 28- دەرس

## كېسەل نامىزى ھەققىدە



### كېسەل نامىزىنىڭ يولغا قويۇلۇشى:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ )[43].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دەيدۇ: «نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغىن؛ ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيالمىساڭ، ئولتۇرۇپ؛ ئولتۇرۇپمۇ ئوقۇيالمىساڭ، يان يېتىپ، ئىشارەت بىلەن ئوقۇغىن»[44].

### كېسەل ھالەتتە ناماز ئوقۇشقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئەھكاملار:

كېسەل ھالەتتىمۇ نامازنى تاشلاش جائىز بولمايدۇ.

نامازنىڭ ئەركانلىرىنى تولۇق ئادا قىلالمايدىغان دەرىجىدە ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان كىشى كۈچى يەتكەن ئەركانلارنى ئادا قىلسا بولىدۇ.

ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇيالمايدىغان، قاتتىق ئاغرىق تۈپەيلىدىن ئۆرە تۇرۇش تەس كېلىدىغان بىمارلار ئولتۇرۇپ، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ.

ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، ئاغرىپ قېلىشتىن، كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ قېلىشىدىن ياكى ساقىيىشىنىڭ كېچىكىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن كىشىمۇ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ.

رۇكۇ ۋە سەجدىدىن ياكى ئىككىسىنىڭ بىرىدىن ئاجىز كەلگەن كىشى ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ، رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئىشارەت بىلەن ئادا قىلىدۇ.

رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئىشارەت بىلەن ئادا قىلغان كىشى سەجدە ئىشارىتىنى رۇكۇ ئىشارىتىدىن تۆۋەنرەك قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، نامىزى ئادا بولمايدۇ.

سەجدە قىلىش ئۈچۈن پېشانىسىگە بىرەر نەرسىنى كۆتۈرۈشى جائىز بولمايدۇ.

43. «بەقەرە» سۈرىسى، 286 ـ ئايەت.
44. «بۇخارىي»، 1117 ـ ھەدىس.

بىمار ئولتۇرالمايدىغان دەرىجىدە بولسا، ئىككى پۇتىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ، تىزىنى تىكلەپ، ئوڭدىسىغا يېتىپ ناماز ئوقۇيدۇ، يۈزىنىڭ قىبلە تەرەپكە قارىشى ئۈچۈن بېشىغا ياستۇق قويۇلىدۇ، رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئىشارەت بىلەن ئادا قىلىدۇ.

ئولتۇرۇشتىنمۇ ئاجىز كەلسە، يېنى يېتىپ، رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئىشارەت قىلىپ ناماز ئوقۇشى جائىز بولىدۇ.

باشنىڭ ئىشارىتى رۇكۇ ۋە سەجدىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. ئەمما كۆز، قاش ۋە كۆڭۈلدە ئىشارەت قىلغان بولسا، ناماز ئادا بولمايدۇ.

بىمار نامازنى بېشىدا ئىشارەت قىلىپمۇ ئوقۇيالمىسا، بىر كېچە - كۈندۈزلۈك نامازنى كېچىكتۈرۈپ، بېشىدا ئىشارەت قىلالايدىغان ھالغا كەلگەندىن كېيىن قازاسىنى قىلىۋالسا بولىدۇ. بىر كېچە - كۈندۈزدىن ئېشىپ كەتكەن ناماز ئۇنداق بىماردىن ساقىت بولىدۇ.

ئېلىشىپ قېلىش ۋە بىھوشلۇق يۈز بېرىپ، بۇ ئەھۋال بەش ۋاقىت نامازدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملاشقان كىشىدىن (بۇ جەرياندا ئوقۇيالمىغان) نامازلىرى ساقىت بولىدۇ.

ئەمما بىھوشلۇق بەش ۋاقىت ناماز ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق نامازغىچە داۋاملاشقان كىشى ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.

نامازنى ئۆرە تۇرۇپ باشلىغاندىن كېيىن ئۆرە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان كىشى ئولتۇرالىسا، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ؛ ئەگەر ئولتۇرۇشقا قادىر بولالمىسا، ئوڭدىسىغا يېتىپ، ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: نامازنى ئۆرە تۇرۇپ باشلىغاندىن كېيىن ئۆرە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالسا قانداق داۋاملاشتۇرىدۇ؟

A. ئولتۇرالىسا، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ؛ ئەگەر ئولتۇرۇشقا قادىر بولالمىسا، ئۆكدىسىغا يېتىپ، ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ. ( )

B. ئولتۇرالمىسا يان يېتىپ ئوقۇيدۇ. ( )

C. كېچىكتۇرۇپ كېيىن قازاسىنى قىلىدۇ. ( )

D. ئۈنىڭدىن ناماز ئوقۇش ساقىت بولىدۇ. ( )

2. سوئال: بىمارنىڭ ئىشارەت قىلىپ ناماز ئوقۇشىدا تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. كۆز ۋە قاش بىلەن ئىشارەت قىلسا بولىدۇ. ( )

B. باش بىلەن ئىشارەت قىلسا بولىدۇ. ( )

C. كۆڭلىدە نىيەت قىلسا بولىدۇ. ( )

D. قول بىلەن ئىشارەت قىلسا بولىدۇ. ( )

3. سوئال: بىھوش بولغان كىشىنىڭ قازا نامىزى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. بەش ۋاقىتتىن كۆپ بولسا ساقىت بولىدۇ. ( )

B. بەش ۋاقىتتىن ئاز بولسا قازاسىنى قىلىدۇ. ( )

C. قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. ( )

D. قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى ساقىت بولىدۇ. ( )

4. سوئال: ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت بېرىلىدىغان ئەھۋاللار تۆۋەندىكىچە:

A. پۇتى سىقراپ قالغاندا ( )

B. ئۆرە تۇرۇشتىن ئاجىز كەلگەندە ( )

C. ھارغىنلىق ھېس قىلغاندا ( )

D. قىسمەن ئاغرىق بولغاندا ( )

5. سوئال: بىمارنىڭ رۇكۇ-سەجدە قىلىشى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئىشارەت بىلەن قىلسا بولىدۇ. ( )

B. سەجدە ئىشارىتى رۇكۇدىن تۆۋەن بولۇشى كېرەك. ( )

C. رۇكۇ-سەجدىدىن بىرىنى قىلالمىسا، ئولتۇرۇپ ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ. ( )

D. سەجدە ئىشارىتى رۇكۇ بىلەن ئوخشاش بولسا بولىدۇ. ( )

29- دەرس

## ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىش ھەققىدە



ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (شۈبھىسىزكى، ناماز مۇئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى)[45].

نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇش ۋاجىبتۇر.

نامازنى ئۆزرىسىز كېچىكتۈرۈش جائىز ئەمەس.

نامازنى مەلۇم ئۆزرە سەۋەبلىك ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئوقۇغان كىشىگە ئۆزرىسى تۈگىگەندىن كېيىن قازاسىنى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

سۈننەت ۋە نەفلە نامازلارنىڭ قازاسى قىلىنمايدۇ، ئەمما باشلاپ بولغاندىن كېيىن بۇزۇۋەتسە، قازاسىنى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى پەرزى بىلەن بىللە، ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان بولسا، قۇياش قايرىلغۇچە پەرزى بىلەن بىرگە قازاسىنى قىلىدۇ. ئەمما، بامدات نامىزىنىڭ پەقەت سۈننىتىنىلا ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان بولسا، قازاسىنى قىلمايدۇ.

45. «نىسا» سۈرىسى، 103 - ئايەت.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: نامازنى كېچىكتۈرۈش مەسىلىسىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. ئۆزرىسىز كېچىكتۈرۈش جائىز ئەمەس. ( )

B. ئۆزرە بىلەن كېچىكتۈرۈلگەن نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىب. ( )

C. يوللۇق ئۆزرە بولسا كېچىكتۈرۈشكە بولىدۇ. ( )

D. ئۆزرە سەۋەبىدىن ئوقۇمىغان بولسا، قازاسىنى قىلىش كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ( )

2. سوئال: سۈننەت نامازلارنىڭ قازاسى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. باشلاپ بولغاندىن كېيىن بۇزسا، قازا قىلىش كېرەك. ( )

B. ئادەتتە قازاسى يوق. ( )

C. ھەممە سۈننەتنىڭ قازاسى بار. ( )

D. بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى پەرزى بىلەن بىللە، ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان بولسا، قۇياش قايرىلغۇچە پەرزى بىلەن بىرگە قازاسىنى قىلىدۇ. ( )

3. سوئال: بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنىڭ قازاسى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. پەرزدىن كېيىن ئوقۇيدۇ. ( )

B. بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى پەرزى بىلەن بىللە، ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان بولسا، قۇياش قايرىلغۇچە پەرزى بىلەن بىرگە قازاسىنى قىلىدۇ. ( )

C. كۈن چىققاندىن كېيىن ئوقۇيدۇ. ( )

D. پەقەت پېشىن ۋاقتىدا ئوقۇيدۇ. ( )

4. سوئال: نامازنىڭ قازاسى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. پەرز نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىب. ( )

B. نەفلە نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىب. (   )

C. ئۆزرە بىلەن ئوقۇمىغان پەرز نامازنىڭ قازاسى ۋاجىب ئەمەس. (   )

D. ئۆزرە بىلەن ئوقۇمىغان نەفلە نامازنىڭ قازاسى ۋاجىب. (   )

5. سوئال: نامازلارنىڭ ۋاقتى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. ۋاقتىدا ئوقۇش ۋاجىب. (   )

B. ناماز ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز. (   )

C. نامازنى ئۆزرىسىز كېچىكتۈرۈش خاتا. (   )

D. كېچىكتۈرسىمۇ كېرەك يوق. (   )

30- دەرس

رۇخسەتسىز بېسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ

# پەرز نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشقا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلىي ئەھكاملار

يالغۇز كىشى پەرز نامازنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن جامائەت نامىزىغا تەكبىر ئوقۇلسا، ئېخى بىرىنچى رەكئەتنىڭ سەجدىسىگە بارمىغان بولسا، بىر سالام بىلەن نامازدىن چىقىپ، ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ.

بىراۋ تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازنى باشلاپ، بىرىنچى رەكئەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن جامائەت نامىزىغا تەكبىر ئوقۇلسا، يەنە بىر رەكئەتنى قوشۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن، ئىمامغا پەرز نىيىتى بىلەن ئىقتىدا قىلىدۇ. يالغۇز ئوقۇغان ئىككى رەكئەت ناماز نەفلە ھېسابلىنىدۇ.



تۆت رەكئەتلىك نامازدىن ئۈچ رەكئەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن جامائەت نامىزىغا تەكبىر ئوقۇلسا، تۆت رەكئەتنى تولۇقلاپ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، پېشىن ۋە خۇپتەن نامازلىرىدا نەفلە نىيىتى بىلەن ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ، ئەمما ئەسىر نامىزىدا نەفلە نىيىتى بىلەن ئىقتىدا قىلمايدۇ.

تۆت رەكئەتلىك نامازدىن ئىككى رەكئەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرغان بولسىمۇ، ئېخى سەجدىگە بارمىغان بولسا، ئۆرە تۇرۇپ بىر سالام بىلەن نامازدىن چىقىپ، ئىمامغا پەرز نىيىتى بىلەن ئىقتىدا قىلىدۇ.

جۈمە كۈنى جۈمەنىڭ سۈننىتىنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن ئىمام خۇتبىگە چىقسا، ئىككى رەكئەت نامازنى تولۇق ئوقۇپ سالام بېرىدۇ (ئاندىن خۇتبىنى تىڭشاپ ئولتۇرىدۇ). جۈمەنىڭ ئىككى رەكئەت پەرزنى ئوقۇپ بولۇپ، ئالدىدىكى تۆت رەكئەت سۈننەتنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.

پېشىننىڭ سۈننىتىنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن، جامائەت نامىزىغا تەكبىر ئوقۇلسا، ئىككى رەكئەتنى تولۇقلاپ ئوقۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ ۋە پەرز نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قازاسىنى قىلىدۇ.

جامائەت نامىزىغا تەكبىر ئوقۇلغاندىن كېيىن مەسجىدكە كىرگەن كىشى ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ، سۈننەت ناماز بىلەن مەشغۇل بولمايدۇ. بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتى بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

بىراۋ بامداتتا جامائەت نامىزى ئۈچۈن تەكبىر ئوقۇلغاندىن كېيىن مەسجىدكە كىرگەن بولسا ۋە ئىككىنچى رەكئەتتە بولسىمۇ ئىمامغا يېتىشىۋېلىشقا كۆزى يەتسە، ئالدى بىلەن سۈننەتنى مەسجىد سىرتىدا ياكى مەسجىدنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئوقۇۋالىدۇ.

ئەمما پەرز نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىشىدىن ياكى جامائەتكە ئۇلگۈرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىسە، (ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ) پەرزنى ئوقۇيدۇ، سۈننەت بىلەن مەشغۇل بولمايدۇ.

ئىمامنى رۇكۇ ھالىتىدە تاپقان كىشى شۇ بىر رەكئەتنى تاپقان بولىدۇ. ئىقتىدا قىلغۇچى رۇكۇ قىلىپ بولغۇچە ئىمام رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەن بولسا، شۇ بىر رەكئەتكە ئۇلگۈرەلمىگەن بولىدۇ.

ئەزان ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ناماز ئوقۇماي تۇرۇپ مەسجىدتىن چىقىپ كېتىش مەكرۇھتۇر.

باشقا بىر مەسجىدتە ئىماملىق ياكى مۇئەززىنلىك قىلىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەزان ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مەسجىدتىن چىقىپ كېتىش مەكرۇھ بولمايدۇ.

يالغۇز ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، پېشىن ياكى خۇپتەندە جامائەت نامىزى ئۈچۈن تەكبىر ئوقۇلسا، مەسجىدتىن چىقىپ كېتىش مەكرۇھ بولىدۇ، ئۇنداق كىشىنىڭ نەفلە نىيىتى بىلەن ئىمامغا ئەگىشىپ، نامازنى قايتا ئوقۇشى ئەۋزەلدۇر.

بامدات، ئەسىر ۋە شام نامازلىرىدا يالغۇز ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن جامائەت نامىزى ئۈچۈن تەكبىر ئوقۇلسا، مەسجىدتىن چىقىپ كېتىش مەكرۇھ بولمايدۇ.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

**1**. سوئال: جامائەت نامىزىغا تەكبىر ئوقۇلغاندىن كېيىن مەسجىدكە كىرگەن كىشى قانداق قىلىدۇ؟

A. ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ، سۈننەت ناماز بىلەن مەشغۇل بولمايدۇ. بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ( )

B. سۈننەت نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ. ( )

C. ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ، سۈننەت ناماز بىلەن مەشغۇل بولمايدۇ. پېشىن نامىزىنىڭ سۈننىتى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ( )

D. ھېچقانداق سۈننەت ناماز ئوقۇمايدۇ. ( )

2. سوئال: يالغۇز كىشى پەرز نامازنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن جامائەت نامىزىغا تەكبىر ئوقۇلسا، تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسىنى قىلىشى توغرا؟

A. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر نامىزنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ. ( )

B. بىرىنچى رەكئەتنىڭ سەجدىسىگە بارمىغان بولسا، بىر سالام بىلەن نامازدىن چىقىپ، ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ. ( )

C. بىرىنچى رەكئەتنىڭ سەجدىسىگە بارغان بولسىمۇ، بىر سالام بىلەن نامازدىن چىقىپ، ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ. ( )

D. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر نامىزنى بۇزىدۇ. ( )

3. سوئال: مەسجىدتىن چىقىش مەسىلىسىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. ئەزاندىن كېيىن چىقىش ئىختىيارى. ( )

B. ئەزاندىن بۇرۇن چىقىش ئىختىيارى. ( )

C. ئەزان ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ناماز ئوقۇماي تۇرۇپ مەسجىدتىن چىقىپ كېتىش مەكرۇھ. ( )

D. باشقا بىر مەسجىدتە ئىماملىق ياكى مۇئەززىنلىك قىلىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەزان ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مەسجىدتىن چىقىپ كېتىش مەكرۇھ بولمايدۇ. ( )

4. سوئال: جامائەتكە ئۆلگۈرۈش مەسلىسىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. رۇكۇغا ئۆلگۈرگەن بولسا، شۇ رەكئەتكە ئۆلگۈرگەن بولىدۇ. ( )

B. سەجدىدىن تۇرغۇچە يېتىشسە، شۇ رەكئەتكە ئۆلگۈرگەن بولىدۇ. ( )

C. رۇكۇدىن تۇرغاندىن كېيىن يېتىشسە، شۇ رەكئەتكە ئۆلگۈرگەن بولىدۇ. ( )

D. رۇكۇغا يېتىشەلمىسىمۇ، شۇ رەكئەتكە ئۆلگۈرگەن بولىدۇ. ( )

5. سوئال: نامازنى يالغۇز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، جامائەت يىغىلىپ پەرز ناماز ئوقۇماقچى بولسا، تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. پېشىن نامىزىنى نەفلە نىيىتى بىلەن قايتا ئوقۇسا بولىدۇ. ( )

B. بامدات نامىزىنى نەفلە نىيىتى بىلەن قايتا ئوقۇسا بولىدۇ. ( )

C. ئەسىر نامىزىنى نەفلە نىيىتى بىلەن قايتا ئوقۇسا بولىدۇ. ( )

D. شام نامىزىنى نەفلە نىيىتى بىلەن قايتا ئوقۇسا بولىدۇ. ( )

## 31-دەرس

## ناماز ۋە روزىنىڭ فىديەسى ھەققىدە



بىمار ئىشارەت بىلەن بولسىمۇ ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلالايدىغان تۇرۇپ، قازاسىنى قىلماي ئۆلۈمگە يېقىنلاشقان بولسا، ۋەلىيسىگە مەزكۇر نامازلارنىڭ فىديەسىنى ئادا قىلىپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ[46].

بىمار تۇتالمىغان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلالايدىغان تۇرۇپ، قازاسىنى قىلماستىن ئۆلۈمگە يېقىنلاشقان بولسا، ۋەلىيسىگە بۇ روزىلارنىڭ فىديەسىنى ئادا قىلىپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ.

بىمار ئوقۇيالمىغان ۋىتىر نامىزىنىڭ قازاسىنى قىلالايدىغان تۇرۇپ، قازاسىنى قىلماستىن ئۆلۈمگە يېقىنلاشقان بولسا، ۋەلىيسىگە بۇ نامازلارنىڭ فىديەسىنى ئادا قىلىپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ.

ۋەلىي فىديەنى مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن چىقىرىدۇ.

بىر ۋاقىت نامازنىڭ فىديەسى يېرىم سا[47] بۇغداي يا ئۇنىڭ قىممىتى (نەق پۇل)؛ بىر سا ئارپا يا ئۇنىڭ قىممىتى (نەق پۇل) دۇر.

بىر ۋاقىت روزىنىڭ فىديەسى يېرىم سا بۇغداي يا ئۇنىڭ قىممىتى (نەق پۇل)؛ بىر سا ئارپا يا ئۇنىڭ قىممىتى (نەق پۇل) دۇر.

ۋەلىينىڭ ھەممە نامازلارنىڭ فىديەسىنى ۋە ھەممە روزىنىڭ فىديەسىنى بىراقلا بىر پېقىرغا بېرىۋېتىشىمۇ جائىزدۇر. لېكىن، قەسەم كەففارىتىنىڭ فىديەسىنى بىر كۈن ئىچىدە بىر پېقىرغا يېرىم سا بۇغدايدىن كۆپ بېرىشى جائىز بولمايدۇ.

مېيىت ۋەلىيسىگە فىديەسىنى ئادا قىلىشقا ۋەسىيەت قىلمىغان، لېكىن ۋەلىيسى خالىسانە ئادا قىلىپ قويغان بولسا، فىديەنىڭ مەقبۇل بولۇشىدا چوڭ ئۈمىد بولىدۇ.

46. ئوقۇيالمىغان نامازلارغا قارىتا فىديە بېرىش مەسىلىسى «مەبسۇت»، «تۆھفەتۇلمۇلۇك»، «تبيينۇل ھەقائىق»، «ئەلئىنايە شەرھۇل ھىدايە»، «دۇررۇلمۇختار» قاتارلىق ھەنەفىي كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، شۇ كىتابلاردا دېيىلگەندەك، كېيىنكى ھەنەفىي ئۆلىما ۋە ماشايىخلىرىنىڭ روزىغا قىياسەن قىلغان ئىجتىھادى، مەزھەب ئىماملىرىنىڭ قارىشى ئەمەس.

47. بىر سا 3250 گرامغا تەڭ.

مېيىت تۇتالمىغان روزىلارنىڭ ئورنىغا ۋەلىيسىنىڭ روزا تۇتۇپ قويۇشى دۇرۇس بولمايدۇ.

بىمار ئىشارەت بىلەن بولسىمۇ ناماز ئوقۇيالماي ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئوقۇيالمىغان نامازلىرى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، فىديەسىنى بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىشى ۋاجىب بولمايدۇ.

بىمار ئاخىرقى كېسەلدە تۇتالمىغان روزىلىرىنىڭ قازاسىنى قىلالماي ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، مەيلى تۇتالمىغان روزىلىرى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، فىديەسىنى بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىشى ۋاجىب بولمايدۇ.

يولۇچى مۇقىم تۇرغۇچىغا ئايلىنىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا (تۇتالمىغان) روزىلىرىنىڭ فىديەسىنى بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىشى ۋاجىب بولمايدۇ.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: بىمار تۇتالمىغان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلالايدىغان تۇرۇپ، قازاسىنى قىلماستىن ئۆلۈمگە يېقىنلاشقان بولسا، قانداق قىلىشى كېرەك؟

A. ۋەلىيسىگە بۇ روزىلارنىڭ فىديەسىنى ئادا قىلىپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلىشى ۋاجىب ئەمەس. (  )

B. ۋەلىيسىگە بۇ روزىلارنىڭ فىديەسىنى ئادا قىلىپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى فىديە بەرگەننىڭ پايدىسى يوق. (  )

C. ۋەلىيسىگە بۇ روزىلارنىڭ فىديەسىنى ئادا قىلىپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلىشى مۇستەھەب بولىدۇ. (  )

D. ۋەلىيسىگە بۇ روزىلارنىڭ فىديەسىنى ئادا قىلىپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلىشى ۋاجىب. (  )

2. سوئال: فىديەنىڭ مىقدارى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى قايسى؟

A. ھەر ناماز ئۈچۈن بىر سا بۇغداي. (  )

B. ھەر ناماز ئۈچۈن يېرىم سا بۇغداي. (  )

C. ھەر ناماز ئۈچۈن ئىككى سا بۇغداي. (  )

D. ھەر ناماز ئۈچۈن ئىككى يېرىم سا بۇغداي. (  )

3. سوئال: فىديەنى بېرىش ئۇسۇلى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. نەق پۇل بەرسە بولىدۇ. (  )

B. بۇغداي بەرسە بولىدۇ. (  )

C. ھەممىسىنى بىر پېقىرغا بەرسە بولىدۇ. (  )

D. فىديە بەرمەي، ئورنىغا روزا تۇتۇپ قويسا بولىدۇ. (  )

4. سوئال: مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A: فىديە بېرىشكە ۋەسىيەت قىلمىغان بولسا، بەرگەن فىديە مەقبۇل بولمايدۇ. (  )

B. فدىيە بېرىشكە ۋەسىيەت قىلمىسىمۇ، ۋەلىي بەرسە مەقبۇل بولىدۇ. ( )

C. فدىيە بېرىشكە ۋەسىيەت قىلمىغان بولسا، ۋەلىي يەنىلا بېرىشكە مەجبۇر. ( )

D. فدىيە بېرىشكە ۋەسىيەت قىلغان بولسىمۇ، ۋەلىي ۋەسىيىتىنى ئىجرا قىلمىسا كېرەك يوق. ( )

5. سوئال: فدىيەنى چىقىرىش ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. مىراسنىڭ ئۈچتىن بىردىن چىقىرىلىدۇ. ( )

B. مىراسنىڭ يىرىمىدىن چىقىرىلىدۇ. ( )

C. مىراسنىڭ بەشتىن بىردىن چىقىرىلىدۇ. ( )

D. مىراسنىڭ ھەممىسىدىن چىقىرىلىدۇ. ( )

32- دەرس

## سەۋەنلىك سەجدىسى ھەققىدە

### سەۋەنلىك سەجدىسىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى:



سەۋەنلىك سەجدىسى – ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ نامىزىدا سادىر قىلغان نۇقسانلىقنى تولۇقلاش ئۈچۈن نۇقسانلىق ئەھۋالغا قاراپ سالامدىن بۇرۇن ياكى كېيىن[48] قىلىدىغان سەجدىنى كۆرسىتىدۇ.

### سەۋەنلىك سەجدىسىنىڭ يولغا قويۇلۇش دەلىللىرى:

1. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە پېشىن نامىزىنى ياكى ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بېرىپ (ئاخىرىدا) سالام قىلدى. شۇ ھامان زۇليەدەيىن ئىسىملىك بىر كىشى ئۇنىڭدىن:

– ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! نامازنى كەم ئوقۇپ قويدىلىمۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (جامائەتتىن):

– «بۇنىڭ دېگىنى توغرىمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، كۆپچىلىك:

– شۇنداق، دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە ئىككى رەكئەت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى قېتىم سەجدە قىلدى»[49].

2. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇھەينە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە مەلۇم بىر نامازدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بەردى. يەنە بىر رىۋايەتتە، پېشىننىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، تەشەھھۇدقا ئولتۇرمىدى. جامائەتمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ناماز ئاخىرلاشقاندا بىز ئۇنىڭ سالام بېرىشىنى كۈتتۇق، ئەمما ئۇ سالام

---

48. ھەنەفىي مەزھىبىدە سەۋەنلىك سەجدىسىنىڭ سەۋەبى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قەئدە ئاخىرىدا ئولتۇرۇپ تەشەھھۇدنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوڭ تەرىپىگە بىر قېتىم سالام بېرىدۇ، ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نامازدىكى باشقا سەجدىلەرگە ئوخشاش ئىككى قېتىم سەجدە قىلىپ، يەنە ئولتۇرىدۇ ۋە ۋاجىب نىيىتى بىلەن تەشەھھۇد ئوقۇيدۇ، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ئوقۇيدۇ، ئاندىن ئۆزى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن نامازدىن چىقىش نىيىتى بىلەن سالام بېرىدۇ.
49. «بۇخارىي»، 1169 ـ ھەدىس.

بەرمەي تۇرۇپ تەكبىر ئوقۇدى ۋە ئولتۇرغان ھالىتىدىلا ئىككى قېتىم سەجدە قىلدى، ئاندىن سالام بەردى»[50].

3. مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىرىڭلار ئىككىنچى رەكئەتتە (ئولتۇرماي) ئورنىدىن تۇرغان (بولسىمۇ تېخى) تولۇق ئۆرە تۇرۇپ بولالمىغان بولسا، ئولتۇرۇۋالسۇن؛ ئەگەر تولۇق ئۆرە تۇرۇپ بولغان بولسا، ئولتۇرمىسۇن ۋە ئىككى قېتىم سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىۋەتسۇن»[51].

## سەۋەنلىك سەجدىسىنىڭ ئەھمىيىتى:

سەۋەنلىك سەجدىسى ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ سەۋەنلىكتىن نامىزىدا سادىر قىلغان نۇقسانلىقنى تولۇقلايدۇ.

## سەۋەنلىك سەجدىسىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئەھكاملار:

1. نامازنىڭ پەرزلىرىدىن بىرەرسىنى تەرك ئەتسە، نامىزى ئىناۋەتسىز، قايتا ئوقۇشى ۋاجىب بولىدۇ.

2. پەرزنى مەيلى قەستەن ياكى سەۋەنلىكتىن تەرك ئەتسۇن، سەۋەنلىك سەجدىسى ياكى باشقا بىرەر ئىش بىلەن نامازنىڭ نۇقسانى تولۇقلانمايدۇ.

3. نامازنىڭ ۋاجىبلىرىدىن بىرىنى قەستەن تەرك ئەتسە، گۇناھكار بولىدۇ ھەم نامىزى بۇزۇلۇپ، قايتا ئوقۇشى ۋاجىب بولىدۇ؛ نامازغا يەتكەن نۇقسانلىق سەۋەنلىك سەجدىسى بىلەن تولۇقلانمايدۇ.

4. نامازنىڭ ۋاجىبلىرىدىن بىرىنى سەۋەنلىك بىلەن تەرك ئەتكەن كىشىگە سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ، نامازنىڭ نۇقسانلىقى سەۋەنلىك سەجدىسى بىلەن تولۇقلىنىدۇ.

## سەۋەنلىك سەجدىسىنىڭ ۋاجىب بولۇش سەۋەبلىرى:

1. پەرز نامازنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە ياكى ئىككى رەكئەتنىڭ بىرىدە سەۋەنلىكتىن فاتىھەنى تەرك ئەتكەن بولسا؛

2. نەفلە ۋە ۋىتىر نامازلىرىنىڭ قايسىبىر رەكئىتىدە سەۋەنلىكتىن فاتىھەنى تەرك ئەتكەن بولسا؛

3. پەرز نامازنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە قىرائەت قىلىشنى ئۇنتۇپ

50. «بۇخارىي»، 1166 ـ ھەدىس.
51. «ئەبۇ داۋۇد»، 1036 ـ ھەدىس.

قىلىپ، كېيىنكى ئىككى رەكئەتتە قىرائەت قىلغان بولسا؛

4. پەرز نامازنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتتە ياكى ئىككى رەكئەتنىڭ بىرىدە فاتىھەگە بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا؛

5. نەفلە ۋە ۋىتىر نامازلىرىنىڭ قايسىبىر رەكئەتتە فاتىھەگە بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا؛

6. فاتىھەنى ئىككى قېتىم ئوقۇغان بولسا، چۈنكى بۇ چاغدا سۈرىنى ئۆز ئورنىدىن كېچىكتۈرگەن بولىدۇ؛

7. بىر قېتىم سەجدە قىلىپ، كېيىنكى رەكئەتكە تۇرۇپ كەتكەن ۋە شۇ رەكئەتنى ئىككى سەجدە بىلەن ئادا قىلىپ، سەھۋەنلىكتىن تەرك ئەتكەن بىر سەجدىنى قوشۇپ قىلغان بولسا، نامىزى ئادا بولىدۇ، لېكىن سەھۋەنلىك سەجدىسى قىلىشى ۋاجىب؛

8. ئۈچ رەكئەتلىك ياكى تۆت رەكئەتلىك پەرز ياكى نەفلە نامازلاردا سەھۋەنلىكتىن قەئدە ئەۋۋەلنى تەرك ئەتكەن بولسا؛

9. پەرز نامازدا قەئدە ئەۋۋەلنى سەھۋەنلىكتىن تەرك ئېتىپ، ئۈچىنچى رەكئەتكە تولۇق ئورنىدىن تۇرۇپ بولغان بولسا، نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپ، ئاخىرىدا سەھۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئولتۇرۇشتىن ئىبارەت ۋاجىبنى تەرك ئەتكەن بولىدۇ.

10. سەھۋەنلىك بىلەن تەشەھھۇد ئوقۇشنى تەرك ئەتكەن بولسا؛

11. ۋىتىردا دۇئايى قۇنۇت تەكبىرىنى تەرك ئەتسە؛

12. ۋىتىردا رۇكۇدىن بۇرۇن دۇئايى قۇنۇت ئوقۇشنى تەرك ئەتكەن بولسا؛

13. قىرائەت ئۈنسىز قىلىنىدىغان نامازلاردا ئىمام ئۈنلۈك قىرائەت قىلسا؛

14. ئۈنلۈك قىرائەت قىلىنىدىغان نامازلاردا ئىمام ئۈنسىز قىرائەت قىلسا؛

15. قەئدە ئەۋۋەلدە تەشەھھۇدتىن زىيادە بىرەر نەرسە ئوقۇپ سالسا؛ مەسىلەن، ئۇنتۇپ قىلىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ئوقۇغان بولسا ياكى ئەركانلاردىن بىرىنى ئادا قىلىپ بولغۇچىلىك مۇددەتتە سۈكۈت قىلىپ تۇرغان بولسا.

### سەھۋەنلىك سەجدىسىگە مۇناسىۋەتلىك تارماق ھۆكۈملەر:

ئىمامنىڭ سەھۋەنلىكى بىلەن ھەم ئىمامغا، ھەم جامائەتكە سەھۋەنلىك

سەجدىسى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان جامائەت سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە، سەۋەنلىك سەجدىسى ۋاجىب بولمايدۇ.

جامائەت ئىمام سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، چالا قالغان نامىزىنى تولۇقلاپ ئوقۇۋاتقاندا سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە، سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

ئىمامغا سەۋەنلىك سەجدىسى ۋاجىب بولۇپ، سەجدە قىلسا، جامائەتنىڭمۇ ئىمامغا ئەگىشىپ سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىشى ۋاجىب.

سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ۋاجىب بولغان كىشى قەستەن سەجدە قىلمىسا، گۇناھكار بولىدۇ ھەم نامىزىنى قايتا ئوقۇشى ۋاجىب بولىدۇ.

سەۋەنلىكتىن بىردىن كۆپ ۋاجىبنى تەرك ئەتكەن كىشى بىر قېتىم سەۋەنلىك سەجدىسى (ئىككى سەجدە) قىلسا كۇپايە.

پەرز نامازدا سەۋەنلىكتىن قەئدە ئەۋۋەلنى تەرك ئەتكەن كىشى تولۇق رۇسلىنىپ بولمىغان بولسىلا، ئولتۇرۇۋالىدۇ؛ ئەگەر ئۆرە تۇرۇشقا يېقىنراق ھالەتكە بېرىپ بولغان بولسا، ئولتۇرۇۋالماي، نامازنىڭ ئاخىرىدا سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ؛ ناۋادا ئولتۇرۇشقا يېقىنراق ھالەتتە بولسا، (تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندىن كېيىن نامىزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە) سەۋەنلىك سەجدىسى قىلمايدۇ.

نەفلە نامازلاردا قەئدە ئەۋۋەلنى ئۇنتۇپ قالغان كىشى ئۆرە تۇرۇپ بولغان بولسىمۇ ئولتۇرۇۋالىدۇ ھەم سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ.

قەئدە ئاخىرنى ئۇنتۇپ ئۆرە تۇرۇپ كەتكەن كىشى بەشىنچى رەكئەتنىڭ سەجدىسىگە بارمىغانلا بولسا، ئولتۇرۇۋېلىپ، سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ.

پەرز نامازدا قەئدە ئاخىرنى ئۇنتۇپ ئۆرە تۇرغان ۋە بەشىنچى رەكئەتنىڭ سەجدىسىگە بېرىپ بولغان كىشىنىڭ نامىزى نەپلىگە ئايلىنىدۇ ۋە پېشىن، ئەسىر، خۇپتەن نامازلىرىدا ئالتىنچى رەكئەتنى؛ بامدات نامىزىدا تۆتىنچى رەكئەتنى قوشۇپ ئوقۇيدۇ، ئاندىن سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ ۋە پەرز نامىزىنى قايتا ئوقۇيدۇ.

قەئدە ئاخىرىدا ئولتۇرۇپ تەشەھھۇد ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى قەئدە ئەۋۋەل دەپ ئويلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن كىشى دەرھال ئولتۇرۇۋېلىپ، سالام بېرىدۇ، تەشەھھۇدنى قايتا ئوقۇمايدۇ.

سەۋەنلىك سەجدىسى ۋاجىب بولغان تۇرۇپ، نامازدىن چىقىش ئۈچۈن قەستەن سالام بەرگەن كىشى قىبلىدىن باشقا تەرەپكە قاراش، گەپ قىلىش

دېگەنـدەك نامازغـا زىـت بـىرەر ئـىش - ھەرىكـەت قىلمىغانـلا بولسـا، سـەۋەنلىك سەجدىسـى قىلـىدۇ.

تـۆت رەكئەتلىـك نامازنـى تولـۇق ئوقـۇپ بولـدۇم دەپ ئويـلاپ سـالام بەرگەندىن كېيـىن، (ئەمەلىيەتتـە) ئىككـى رەكئـەت ئوقۇغانلىقىنـى بىلگـەن كىشـى نامىزىنـى داۋاملاشـتۇرۇپ ئوقۇيـدۇ ۋە سـەۋەنلىك سەجدىسـى قىلـىدۇ.

## سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ئۇسۇلى:

سـەۋەنلىك سەجدىسـى قىلـىش ۋاجىـب بولغـان كىشـى قەئـدە ئاخىرىـدا ئولتۇرۇپ تەشـەھھۇدنى ئوقـۇپ بولغانـدىن كېيـىن، ئـوڭ تەرىپىگـە بـىر قېتىـم سـالام بېرىـدۇ، ئانـدىن «ئاللاھـۇ ئەكبـەر» دەپ نامازدىكـى باشـقا سـەجدىلەرگە ئوخشـاش ئىككـى قېتىـم سـەجدە قىلىـپ، يەنـە ئولتۇرىـدۇ ۋە ۋاجىـب نىيىتـى بىلـەن تەشـەھھۇد ئوقۇيـدۇ، ئانـدىن پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيهـى ۋەسـەللەمگە دۇرۇت ئوقۇيـدۇ، ئانـدىن ئـۆزى ئۈچـۈن دۇئـا قىلىـدۇ، ئانـدىن نامازدىـن چىقىـش نىيىتـى بىلـەن سـالام بېرىـدۇ. ئەگـەر سـالامدىن بـۇرۇن سـەجدە قىلغـان بولسـا، نامـىزى دۇرۇس، ئەمما مەكـرۇھ تەنزىيهـى بولـىدۇ.

## سەۋەنلىك سەجدىسى قاچان كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؟

1. جۈمـە نامىزىـدا جامائـەت بـەك كـۆپ بولسـا، نامازخانلارنىـڭ ئېلىشـىپ كەتمەسـلىكى ئۈچـۈن سـەۋەنلىك سەجدىسـى كەچـۈرۈم قىلىنىـدۇ.

2. ئىككـى ھېيـت نامىزىـدا جامائـەت بـەك كۆپ بولسـا، سـەۋەنلىك سەجدىسـى كەچـۈرۈم قىلىنىدۇ.

3. بامـدات نامىزىـدا سـالام بېرىـپ بولغانـدىن كېيـىن كـۈن چىقىـپ قالغـان بولسـا، سـەۋەنلىك سەجدىسـى كەچـۈرۈم قىلىنىـدۇ.

4. ئەسـىر نامىزىـدا سـالام بېرىـپ بولغانـدىن كېيـىن كـۈن قىزىرىـپ قالغـان بولسـا، سـەۋەنلىك سەجدىسـى كەچـۈرۈم قىلىنىـدۇ.

5. سـالام بېرىـپ بولغانـدىن كېيـىن سـەۋەنلىكتىن گـەپ قىلىشـقا ئوخشـاش نامازغـا زىـت كېلىدىغـان بـىرەر ئـىش يـۈز بەرگـەن بولسـا، سـەۋەنلىك سەجدىسـى كەچـۈرۈم قىلىنىـدۇ.

**ئەسـكەرتىش:** مەزكـۇر ھالەتلەرنىـڭ ھەممىسـىدە نامازنـى قايتـا ئوقـۇش ۋاجىـب بولمايـدۇ.

ناماز قاچان شەك بىلەن ئىناۋەتسىز بولىدۇ، قاچان ئىناۋەتسىز بولمايدۇ؟

نامازخان ناماز ئوقۇش ئەسناسىدا رەكئەت ساندىن شۈبھىلەنگەن ھەم بۇ ئىش تۇنجى قېتىم يۈز بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ نامىزى ئىناۋەتسىز بولۇپ، قايتا ئوقۇشى ۋاجىب بولىدۇ.

سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، نامىزىنىڭ رەكئەت ساندا شەك قىلغان كىشىنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدۇ.

سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، نامازنىڭ بەزى رەكئىتىنى تەرك ئەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن كىشى نامازغا زىت بىرەر ئىش - ھەرىكەت قىلمىغانلا بولسا، تەرك ئەتكەن نامىزىنى تولۇقلايدۇ؛ ئەگەر گەپ قىلغانغا ئوخشىغان نامازغا زىت بىرەر ئىش - ھەرىكەت قىلىپ قويغان بولسا، نامىزىنى قايتا ئوقۇيدۇ.

كۆپ ۋاقىتلاردا دىلغۇل بولۇپ قالىدىغان ۋە دىلغۇللۇق ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغان كىشى كاللىسىدىكى كۈچلۈك پەرەزگە تايىنىپ ئىش كۆرسە بولىدۇ؛ ئەگەر كاللىسىدا كۈچلۈك پەرەز بولمىسا، ئەڭ ئاز رەكئەت سانىنى ئاساس قىلىدۇ؛ نامىزىنىڭ ئاخىرى دەپ قارىغان رەكئەتتىن كېيىن ئولتۇرۇپ، سەھۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ.

رۇخسەتسىز بېسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. سەۋەنلىكتىن ۋاجىبنى تەرك ئەتسە، سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ۋاجىب. ( )

B. ۋاجىبنى قەستەن تەرك ئەتسە، سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ. ( )

C. پەرزنى تەرك ئەتكەن بولسا، سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ۋاجىب. ( )

D. بىر قانچە سەۋەنلىكنىڭ ھەر بىرىگە سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ۋاجىب. ( )

2. سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ئۇسۇلى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. تەشەھھۇدنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوڭ تەرىپىگە بىر قېتىم سالام بېرىدۇ، ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئىككى قېتىم سەجدە قىلىپ، يەنە ئولتۇرىدۇ ۋە تەشەھھۇد، ئاندىن دۇرۇت ئوقۇيدۇ، ئاندىن دۇئا، ئاندىن نامازدىن چىقىش نىيىتى بىلەن ئوڭ ۋە سول ئىككى تەرەپكە سالام بېرىدۇ. ( )

B. تەشەھھۇدنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوڭ تەرىپىگە بىر قېتىم سالام بېرىدۇ، ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بىر قېتىم سەجدە قىلىپ، يەنە ئولتۇرىدۇ ۋە تەشەھھۇد، ئاندىن دۇرۇت ئوقۇيدۇ، ئاندىن دۇئا، ئاندىن نامازدىن چىقىش نىيىتى بىلەن سالام بېرىدۇ. ( )

C. تەشەھھۇدنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سول تەرىپىگە بىر قېتىم سالام بېرىدۇ، ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئىككى قېتىم سەجدە قىلىپ، يەنە ئولتۇرىدۇ ۋە تەشەھھۇد، ئاندىن دۇرۇت ئوقۇيدۇ، ئاندىن دۇئا، ئاندىن نامازدىن چىقىش نىيىتى بىلەن سالام بېرىدۇ. ( )

D. تەشەھھۇدنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوڭ تەرىپىگە بىر قېتىم سالام بېرىدۇ، ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئىككى قېتىم سەجدە قىلىپ، يەنە ئولتۇرىدۇ ۋە تەشەھھۇد، ئاندىن دۇرۇت ئوقۇيدۇ، ئاندىن دۇئا، ئاندىن نامازدىن چىقىش نىيىتى بىلەن سول تەرەپكە سالام بېرىدۇ. ( )

3. سوئال: ئىمام خاتالاشسا، جامائەت سەۋەنلىك سەجدىسى قىلامدۇ؟

A. جامائەت سەۋەنلىك سەجدىسى قىلمايدۇ. ( )

B. جامائەت ئىمامغا ئەگىشىپ سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ. ( )

C. ئىمام ۋە جامائەت سەۋەنلىك سەجدىسى قىلمايدۇ. ( )

D. ئىمام سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ، جامائەت خالىسا ئىمامغا ئەگىشىپ سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ، خالىمىسا نامازدىن كېيىن قىلىۋالىدۇ. ( )

4. سوئال: سەۋەنلىك سەجدىسى قاچان كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؟

A. ھەر زامان كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ( )

B. پەقەت جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىغا ئوخشاش جامائەت كۆپ ئورۇنلاردا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ( )

C. نەفلە نامازلاردا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ( )

D. تەراۋىھ نامىزىدا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ( )

5. سوئال: سەۋەنلىكتىن قەئدە ئەۋۋەلنى تەرك ئەتكەن كىشى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. ھەر ھالەتتە دەرھال ئولتۇرۇۋېلىشى كېرەك. ( )

B. ھەر ھالەتتە ئولتۇرماستىن داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. ( )

C. نامازنى قايتا ئوقۇشى كېرەك. ( )

D. تولۇق رۇسلىنىپ بولمىغان بولسىلا، ئولتۇرۇۋېلىشى ۋە نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. ( )

6. سوئال: رەكئەت سانىدا شەك قىلىش ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. سالامدىن كېيىنكى شەك نامازنى بۇزمايدۇ. ( )

B. تۇنجى قېتىملىق شەك نامازنى بۇزىدۇ. ( )

C. كۆپ شەك قىلغۇچى ئاز ساننى ئاساس قىلىدۇ. ( )

D. ھەر قانداق شەك نامازنى بۇزمايدۇ. ( )

7. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ۋاجىب بولمايدىغان

ئىش قايسى؟

A. مەخپىي قىرائەت قىلىنىدىغان ئورۇندا سەھۋەنلىكتىن ئۈنلۈك قىرائەت قىلغاندا ( )

B. فاتىھەنى ئىككى قېتىم ئوقۇغاندا ( )

C. فاتىھەدىن كېيىن سۈرە قوشۇشنى ئۇنتۇپ قالغاندا ( )

D. ھەممە رەكئەتتە ھېچ قىرائەت قىلمىغاندا ( )

7. سوئال: سەھۋەنلىك سەجدىسىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسىنى قىلىش خاتا؟

A. تەشەھھۇد ئوقۇش ( )

B. فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش ( )

C. دۇئا قىلىش ( )

D. دۇرۇت ئوقۇش ( )

8. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. ۋىتىردا رۇكۇدىن بۇرۇن دۇئايى قۇنۇت ئوقۇشنى تەرك ئەتكەن بولسا، سەھۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ۋاجىب. ( )

B. قىرائەت ئۈنسىز قىلىنىدىغان نامازلاردا ئىمام ئۈنلۈك قىرائەت قىلسا، سەھۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ۋاجىب. ( )

C. ئۈنلۈك قىرائەت قىلىنىدىغان نامازلاردا ئىمام ئۈنسىز قىرائەت قىلسا، سەھۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ۋاجىب. ( )

D. سەھۋەنلىك بىلەن تەشەھھۇد ئوقۇشنى تەرك ئەتكەن بولسا، سەھۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ۋاجىب ئەمەس. ( )

9. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. سالامدىن كېيىن شەك قىلسا نامازنى قايتا ئوقۇش ( )

B. ناماز ئىچىدە گەپ قىلىپ سالسا، نامازنى قايتا ئوقۇش ( )

C. دۇرۇت ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالسا، نامازنى قايتا ئوقۇش ( )

D. ناماز ئىچىدە بىرەر قېتىم ئاسمانغا قارىغان بولسا، نامازنى قايتا ئوقۇش ( )

33-
دەرس

# تىلاۋەت سەجدىسى ھەققىدە



## تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى:

تىلاۋەت سەجدىسى – سەجدە ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغۇچى ياكى تىڭشىغۇچىغا قىلىش ۋاجىب بولغان، ئىككى تەكبىر ئارىسىدا قىلىنىدىغان بىرلا سەجدىدىن ئىبارەتتۇر.

## تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ دەلىلى:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغان سۈرىنى ئوقۇپ بېرەتتى ۋە سەجدە قىلاتتى، بىزمۇ سەجدە قىلاتتۇق ھەتتا (بەزىدە ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن) بەزىلىرىمىز پىشانىسىنى قويغۇدەك يەرمۇ تاپالمايتتى»[52].

## نېمە ئۈچۈن تىلاۋەت سەجدىسى قىلىنىدۇ؟

تىلاۋەت قىلغۇچى ۋە تىڭشىغۇچى ئاللاھقا باش ئەگكەنلىكىنى، ئەمرىنى بەجا كەلتۈرگەنلىكىنى ياكى ئاللاھنىڭ كاتتىلىقىدىن ئەيمىنىپ سەجدە قىلغانلار قاتارىغا كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ سەجدە قىلىدۇ.

## قانداق مەزمۇندىكى ئايەتلەردە تىلاۋەت سەجدىسى قىلىشقا بۇيرۇلغان؟

قۇرئان كەرىمدە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغان، باشقىلارنىڭ سەجدە قىلغانلىقى بايان قىلىنغان، قانداقتۇر بىرەر كائىناتنىڭ سەجدىسى تەسۋىرلەنگەن ياكى كاپىرلار سەجدە قىلمىغانلىقىغا ئاساسەن ئەيىبلەنگەن ئايەتلەردىن بىرىنى تىلاۋەت قىلغان ياكى تىڭشىغاندا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغان.

## تىلاۋەت سەجدىسى قاچان ۋاجىب بولىدۇ؟

1. مەيلى ئۆزى تىڭشىسۇن ياكى تىڭشىمىسۇن، سەجدە ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغان بولسا؛

2. سەجدە ئايىتىنىڭ ئالدىدىن ياكى كەينىدىن بىر كەلىمە بىلەن قوشۇپ

52. «بۇخارىي»، 1025 ـ ھەدىس.

سەجدە ھەرپىنى تىلاۋەت قىلغان بولسا؛

3. مەيلى قەستەن ياكى ئىختىيارسىز بولسۇن، سەجدە ئايىتىنى تىڭشىغان بولسا؛

4. سەجدە ئايىتىنى تىڭشىسۇن ياكى تىڭشىمىسۇن، سەجدە ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغان ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان بولسا.

## تىلاۋەت سەجدىسىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئەھكاملار:

ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئايالغا تىلاۋەت سەجدىسى ۋاجىب بولمايدۇ.

ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ تىلاۋىتىدىن ئىقتىدا قىلغۇچىغىمۇ، ئىمامغىمۇ تىلاۋەت سەجدىسى ۋاجىب بولمايدۇ.

ئۇخلاۋاتقان كىشىگە، ساراڭغا، نارەسىدە بالىغا ۋە كاپىرغا تىلاۋەت سەجدىسى ۋاجىب بولمايدۇ.

شاتۇتى قاتارلىق ئادەم ئەۋلادىدىن باشقا نەرسىدىن سەجدە ئايىتىنى تىڭشىسا، تىلاۋەت سەجدىسى ۋاجىب بولمايدۇ.

ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ دېگەندەك ئۈسكۈنىلەردىن سەجدە ئايىتىنى تىڭشىسا، تىلاۋەت سەجدىسى ۋاجىب بولمايدۇ.

تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ۋاقتى بەزىدە كەڭ، بەزىدە تار بولىدۇ.

تىلاۋەت سەجدىسى نامازنىڭ سىرتىدا ۋاجىب بولغان بولسا، ۋاقتى كەڭ بولىدۇ يەنى سەجدىنى كېچىكتۈرسە، گۇناھكار بولمايدۇ، لېكىن مەكرۇھ تەنزىيھى بولىدۇ.

تىلاۋەت سەجدىسى نامازنىڭ ئىچىدە ۋاجىب بولغان بولسا، ۋاقتى تار بولىدۇ. مەسىلەن، نامازدا سەجدە ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغان بولسا، شۇ ھامان تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

تىلاۋەت سەجدىسى بىلەن سەجدە ئايىتىنى ئوقۇش ئارىسىدا ئۈچ ئايەت قىرائەت قىلغاندىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر بۇنچىلىك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسە، دەرھال سەجدە قىلىش پۇرسىتى ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ.

سەجدە ئايىتى ئۈچۈن سەجدە قىلماستىن، دەرھال ناماز ئۈچۈن سەجدە قىلغان بولسىمۇ، تىلاۋەت سەجدىسى ئادا تاپىدۇ. ناماز ئۈچۈن قىلغان سەجدە بىلەن تىلاۋەت سەجدىسىنى نىيەت قىلسۇن ـ قىلمىسۇن ئوخشاش.

رۇخسەتسىز بېسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ

دەرھال سەجدە قىلىۋالماي، ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسا، تىلاۋەت سەجدىسى رۇكۇ ۋە سەجدە بىلەنمۇ ساقىت بولمايدۇ. ناماز ئىچىدىلا بولسا، مەخسۇس سەجدە قىلىپ تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم.

ئەگەر نامازدىن چىقىپ بولغان بولسا، تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ۋاقتى كەتكەن بولىدۇ. ئەمما، نامازدىن سالام بىلەن چىققان بولسا، نامازغا زىت بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت قىلىپ قويمىغانلا بولسا، شۇ ھامان قازاسىنى قىلىدۇ.

### تىلاۋەت سەجدىسىگە ئالاقىدار تارماق ئەھكاملار:

ئىمام ۋە جامائەت سەجدە ئايىتىنى نامازدا بىللە بولمىغان بىرەر كىشىدىن تىڭشىغان بولسا، نامازنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن سەجدە قىلىدۇ. ئەگەر ناماز ئىچىدە سەجدە قىلغان بولسا، سەجدە ئادا بولمايدۇ، لېكىن بۇ سەجدە بىلەن ئۇلارنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدۇ.

ئىمامدىن سەجدە ئايىتىنى تىڭشىغاندىن كېيىن ئىمام تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىپ بولغۇچە ئىقتىدا قىلغان كىشى ئىمامغا ئەگىشىپ تىلاۋەت سەجدىسى قىلىدۇ.

ئىمامدىن سەجدە ئايىتىنى تىڭشىغان، لېكىن ئىمام شۇ رەكئەتنىڭ سەجدىسىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئىقتىدا قىلغان كىشى تىلاۋەت سەجدىسىنى تاپقان بولىدۇ، نامازنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا تىلاۋەت سەجدىسى قىلمىسىمۇ بولىدۇ.

نامازنىڭ سىرتىدا سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ، سەجدە قىلمىغان، ئاندىن نامازنىڭ ئىچىدە ئۇنى قايتا تىلاۋەت قىلىپ، سەجدە قىلغان كىشى ئۆچۈن ئورۇن ئالماشمىغان بولسىلا، بۇ سەجدە ھەر ئىككى سەجدىگە (ناماز سەجدىسى ۋە تىلاۋەت سەجدىسى) كۇپايە قىلىدۇ.

بىر ئورۇندا سەجدە ئايىتىنى تەكرار تىلاۋەت قىلغان كىشى بىر قېتىم سەجدە قىلسا كۇپايە.

بىر ئورۇندا سەجدە ئايىتىنى تىلاۋەت قىلىپ، ئۇ ئورۇندىن يۆتكىلىپ يەنە سەجدە ئايىتىنى قايتا تىلاۋەت قىلغان كىشىگە ئىككى قېتىم سەجدە قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

سەجدە ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغان ئورۇندىن يۆتكىلىش ئورۇن ئالماشتۇرغانلىق بولىدۇ.

ئـۆي كىچىـك ياكـى چـوڭ بولسـۇن، ھەممـە بۇلۇڭـى بىـر ئورۇننىـڭ ھۆكمىـدە بولـىدۇ.

مەسـجىد كىچىـك ياكـى چـوڭ بولسـۇن، ھەممـە بۇلۇڭـى بىـر ئورۇننىـڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

تـىلاۋەت ئايىتىنـى ئوقۇغۇچىنىـڭ ئورنـى ئالماشسـۇن ياكـى ئالماشمىسـۇن، تىڭشـىغۇچىنىڭ ئورنـى ئالماشـقانلا بولسـا، تـىلاۋەت سەجدىسـىنىڭ ۋاجىبلىقىمـۇ شـۇنىڭغا قـاراپ تەكرارلىنىـپ تۇرىـدۇ.

تـىلاۋەت سەجدىسـى بـار سـۈرىنى ئوقـۇپ، سـەجدە ئايىتىنـى تاشـلاپ قويـۇش مەكـرۇھ.

تىڭشـىغۇچىنىڭ سـەجدە قىلىشـقا تەييارلىقـى بولمىغـان ئەھـۋال ئاسـتىدا تىلاۋەت قىلغۇچىنىـڭ سـەجدە ئايىتىنى ئۈنسـىز ئوقۇشـى مۇسـتەھەب.

## تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ئۇسۇلى

تـىلاۋەت سەجدىسـىنىڭ ئۇسـۇلى مۇنـداق: ئىككى تەكبىـر ۋە بىر سـەجدە قىلىنىدۇ. يەنـى، بىرىنچـى تەكبىـر سـەجدە قىلىـش ئۈچـۈن پېشانىسـىنى يەرگـە قويىدىغـان چاغـدا، ئىككىنچـى تەكبىـر پېشانىسـىنى سـەجدىدىن كۆتۈرگەنـدە ئوقۇلـىدۇ. تەكبىـر ئوقۇغانـدا قولنـى كۆتۈرمەيـدۇ، تەشـەھھۇد ئوقۇمايـدۇ، سـەجدە قىلىـپ بولغاندىـن كېيىـن سـالام بەرمەيدۇ.

تـىلاۋەت سەجدىسـىدە بىـر پـەرز بـار. ئـۇ بولسـىمۇ پېشانىسـىنى يەرگـە قويـۇش ياكـى بىمـار بولسـا، سـەجدىنىڭ ئورنىـدا ئولتۇرغـۇدەك ئېگىلىـش ياكـى ئىشـارەت قىلىشـتۇر.

ئىككى قېتىم تەكبىر ئوقۇش سۈننەت.

تـىلاۋەت سەجدىسـىنى ئولتۇرغـان ئورنىدىـن ئـۆرە تۇرغاندىـن كېيىـن قىلىـش مۇسـتەھەب.

تـىلاۋەت سەجدىسـىنىڭ دۇرۇس بولـۇش شـەرتلىرى نامازنىـڭ دۇرۇس بولـۇش شـەرتلىرىنىڭ ئۆزىـدۇر. بـىراق، نامـازدا تەھرىـم باغـلاش شـەرت، تىلاۋەت سەجدىسـىدە شـەرت ئەمـەس.

## سەجدە ئايەتلىرى

تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش ۋاجىب بولىدىغان قۇرئان كەرىمدىكى 14 سۈرە:

1. ئەئراف سۈرىسى؛
2. رەئد سۈرىسى؛
3. نەھل سۈرىسى؛
4. ئىسرا سۈرىسى؛
5. مەريەم سۈرىسى؛
6. ھەج سۈرىسىدىكى ئىككى سەجدىنىڭ بىرىنچىسى؛
7. فۇرقان سۈرىسى؛
8. نەمل سۈرىسى؛
9. سەجدە سۈرىسى؛
10. ساد سۈرىسى؛
11. ھامىيم سەجدە سۈرىسى؛
12. نەجم سۈرىسى؛
13. ئىنشىقاق سۈرىسى؛
14. ئەلەق سۈرىسى.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسىدا تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ؟

A. سەجدە ئايىتىنى ئوقۇش (   )

B. سەجدە ئايىتىنى تىڭشاش (   )

C. ئىمام سەجدە ئايىتىنى ئوقۇسا (   )

D. سەجدە ئايىتىنى ئۈنئالغۇدىن تىڭشاش (   )

2. سوئال: تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش ئۇسۇلىدا تۆۋەندىكىلەردىن توغرا بولغىنى قايسى؟

A. ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىلىدۇ. (   )

B. ئىككى تەكبىر بىلەن بىر سەجدە قىلىنىدۇ. (   )

C. تەشەھھۇد ئوقۇلىدۇ. (   )

D. سالام بېرىلىدۇ. (   )

3. سوئال: نامازدا تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش ھەققىدە دېيىلگەنلەردىن توغرىسى قايسى؟

A. ۋاقتى تار بولىدۇ، دەرھال قىلىش كېرەك. (   )

B. نامازدىن كېيىن قىلىۋالسىمۇ كېرەك يوق. (   )

C. كىچىكتۈرۈشكە بولىدۇ. (   )

D. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى خاتا. (   )

4. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن تىلاۋەت سەجدىسى ۋاجىب بولىدىغان كىشى قايسى؟

A. نارەسىدە بالا (   )

B. ساراڭ (   )

C. ئۆخلاۋاتقان كىشى ( )

D. ئەقلى-ھوشى جايىدا بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمان ( )

5. سوئال: تىلاۋەت سەجدىسى قىلىندىغان ئايەت تەكرارلانسا قانداق قىلىش لازىم؟

A. ھەر قېتىم تىلاۋەت قىلغاندا بىر قېتىم تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش كېرەك. ( )

B. بىر ئورۇندا قانچە قېتىم تىلاۋەت قىلسىمۇ، بىر قېتىم تىلاۋەت سەجدىسى كۇپايە. ( )

C. ھەر كۈنى بىر قېتىم تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش كېرەك. ( )

D. ھەپتىدە بىر قېتىم تىلاۋەت سەجدىسى قىلىنسا كۇپايە. ( )

6. سوئال: ئورۇن ئۆزگەرتىش مەسىلىسىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. مەسجىد كىچىك ياكى چوڭ بولسۇن، ھەممە بۆلۈكى بىر ئورۇننىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. ( )

B. ئۆي كىچىك ياكى چوڭ بولسۇن، ھەممە بۆلۈكى بىر ئورۇننىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. ( )

C. ئورۇن ئۆزگەرتسە يېڭىدىن سەجدە ۋاجىب. ( )

D. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى خاتا. ( )

7. سوئال: تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ شەرتلىرى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى قايسى؟

A. تەھرىم تەكبىرى شەرت. ( )

B. نامازنىڭ شەرتلىرى بىلەن ئوخشاش، لېكىن تەھرىم تەكبىرى شەرت ئەمەس. ( )

C. نامازنىڭ شەرتلىرىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق. ( )

D. تاھارەت ئېلىش شەرت ئەمەس. ( )

8. سوئال: نامازدىكى تىلاۋەت سەجدىسى ھەققىدە تۆۋەندە دېيىلگەنلەردىن خاتاسى قايسى؟

A. شۇ هامان تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ. (   )

B. سەجدە ئايىتى ئۈچۈن سەجدە قىلماستىن، دەرھال ناماز ئۈچۈن سەجدە قىلغان بولسىمۇ، تىلاۋەت سەجدىسى ئادا تاپىدۇ. (   )

C. ناماز ئۈچۈن قىلغان سەجدە بىلەن تىلاۋەت سەجدىسىنى نىيەت قىلسۇن - قىلمىسۇن ئوخشاش ئادا بولىدۇ. (   )

D. شۇ هامان تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش مەكرۇھ. (   )

9. سوئال: تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ۋاقتى ھەققىدە توغرا بولغىنى قايسى؟

A. ھەر ۋاقىت كەڭ. (   )

B. ھەر ۋاقىت تار. (   )

C. نامازنىڭ سىرتىدا كەڭ، ئىچىدە تار. (   )

D. نامازنىڭ سىرتىدا تار، ئىچىدە كەڭ. (   )

10. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسى سۈرىدە تىلاۋەت سەجدىسى قىلىنمايدۇ؟

A. نەھل سۈرىسى (   )

B. مەريەم سۈرىسى (   )

C. ئەسر سۈرىسى (   )

D. نەمل سۈرىسى (   )

رۇخسەتسىز بېسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ



# جۈمە نامىزى ھەققىدە



## جۈمە كۈنىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى:

جۈمە نامىزى ئاللاھ تائالا بۇ ئۈممەتكە مەخسۇس ئاتا قىلغان پەزىلەتلىك ئەمەللەردىن بىرى بولۇپ، مۆئمىنلەر مۇشۇ كۈنىنىڭ خىسلەتلىرىگە مۇۋەپپەق بولغانلاردۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قۇياش چىققان كۈنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى جۈمە كۈنىدۇر. شۇ كۈنى ئادەم (ئەلەيھىسسالام) يارىتىلدى، شۇ كۈنى جەننەتكە كىرگۈزۈلدى ۋە شۇ كۈنى جەننەتتىن چىقىرىلدى. قىيامەتمۇ جۈمە كۈنى بولىدۇ»[53].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «بىز (دۇنياغا) ئەڭ ئاخىرقىدا كېلىپ، قىيامەت كۈنى (پەزىلەتتە، جەننەتكە كىرىشتە) ئەڭ ئالدىدا بولغۇچىلارمىز. بىراق ئۇلارغا (ئەھلى كىتابلارغا) كىتاب بىزدىن ئىلگىرى بېرىلگەن. جۈمە كۈنى ئۇلارنىڭ (ئۇلۇغلىشى، ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن) پەرز قىلىنغان. بىراق، ئۇلار شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىنى ئۇلۇغلاش توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقان، ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭغا مۇيەسسەر قىلدى. شۇڭا كىشىلەر بۇ كۈننى ئۇلۇغلاشتا بىزگە ئەگىشىدۇ. يەھۇدىيلار ئەتىنى (شەنبىنى)، ناسارالار ئۆگۈن (يەكشەنبە) نى ئۇلۇغلايدۇ»[54].

## جۈمە نامىزىنىڭ پەرز بولۇش دەلىللىرى:

1. ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دەيدۇ: (ئى مۆئمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم - سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر)[55].

2. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «جۈمە نامىزى ھەر مۇسۇلمانغا ھەقتۇر (پەرزدۇر)»[56].

3. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى

53. «مۇسلىم»، 854 ـ ھەدىس.
54. «بۇخارىي»، 836 ـ ھەدىس.
55ئ. «جۈمە» سۈرىسى، 2 ـ ئايەت.
56. «ئەبۇ داۋۇد»، 1067 ـ ھەدىس.

تاھارىتىنى كامىل ئېلىپ، جۈمەگە كېلىپ، جىم ئولتۇرۇپ خۇتبە تىڭشىسا، بۇ جۈمە بىلەن يەنە بىر جۈمە ئارىلىقىدىكى گۇناھى ۋە بۇنىڭغا يەنە ئۈچ كۈن ئىچىدىكى گۇناھى قوشۇلۇپ مەغپىرەت قىلىنىدۇ؛ كىمكى ئۇششاق تاشلارنى سىلىسا (ئوينىشىپ ئولتۇرسا)، ئورۇنسىز ئىش قىلغان بولىدۇ»[57].

4. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئۈچ جۈمەنى سەل قاراپ تەرك ئەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى پېچەتلىۋېتىدۇ»[58].

## جۈمە نامىزى قانداق ناماز؟

جۈمە نامىزى – جۈمە كۈنى پېشىن ۋاقتىدا ئۇنلۇك قىرائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەت پەرز نامازدۇر.

جۈمە نامىزىنى ئوقۇيالمىغان كىشىنىڭ تۆت رەكئەت پېشىن نامىزىنى ئوقۇشى پەرزدۇر.

## جۈمە نامىزىنىڭ پەرز بولۇش شەرتلىرى:

1. ئەر كىشى بولۇش، ئايال كىشىگە پەرز بولمايدۇ؛

2. ھۆر بولۇش، قۇلغا پەرز بولمايدۇ؛

3. شەھەردە ياكى شەھەر ھېسابلىنىدىغان يەردە ئولتۇراقلاشقان بولۇش، يولۇچىغا ھەم سەھرادا تۇرۇۋاتقان كىشىگە جۈمە نامىزى پەرز بولمايدۇ؛

4. ساغلام بولۇش، بىمار كىشىگە جۈمە نامىزى پەرز بولمايدۇ؛

5. خاتىرجەم بولۇش، جۈمە نامىزى زالىمنىڭ زۇلمىدىن قورقۇپ يوشۇرۇنۇۋالغان كىشىگە پەرز بولمايدۇ؛

6. كۆزى كۆرىدىغان بولۇش، ئەما كىشىگە جۈمە نامىزى پەرز بولمايدۇ؛

7. يول يۈرەلەيدىغان بولۇش، ماگالمايدىغان كىشىگە جۈمە نامىزى پەرز بولمايدۇ.

**ئەسكەرتىش:** جۈمە نامىزى پەرز بولمايدىغان كىشىلەر جۈمە نامىزىنى ئوقۇغان بولسا، نامىزى ئادا بولىدۇ ۋە ئۇلاردىن پېشىن نامىزى ساقىت بولىدۇ، بەلكى بۇنداق كىشىلەرنىڭمۇ جۈمە نامىزىنى ئوقۇشى مۇستەھەب. ئايال كىشى ئۆيىدە پېشىن ئوقۇيدۇ، چۈنكى ئۇلار جامائەت نامىزىغا قاتنىشىشتىن مەنئى قىلىنغان.

57. «مۇسلىم»، 857 ـ ھەدىس.
58. «تىرمىزىي»، 500 ـ ھەدىس.

## جۇمە نامىزى ئوقۇشنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتلىرى

1. شەھەر ياكى شەھەر ئەتراپى بولۇش. چەت يېزا ـ قىشلاقلاردا جۇمە نامىزى ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ.

2. بىر شەھەر ياكى شەھەر ئەتراپىدا نۇرغۇن ئورۇندا جۇمە نامىزى ئوقۇش دۇرۇس؛

3. جۇمە نامىزىدا ئىمام (سۇلتان) ياكى ئۇنىڭ نائىبى بولۇش؛

4. جۇمە نامىزىنىڭ پېشىن ۋاقتىدا ئوقۇلۇشى، پېشىن ۋاقتىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ؛

5. جۇمە نامىزىدىن بۇرۇن پېشىن ۋاقتىدا خۇتبە ئوقۇش. خۇتبىنى تىڭشاش ئۈچۈن ئاز دېگەندە جۇمە پەرز بولغان بىر كىشى هازىر بولۇش كېرەك؛

6. ئومۇمغا ئېچىۋېتىلگەن بولۇش يەنى جۇمە ئوقۇلىدىغان ئورۇنغا جۇمە ئوقۇشنى خالىغان ھەر كىشى كىرەلەيدىغان بولۇش. كىشىلەرنىڭ كىرىشى چەكلەنگەن جايدا جۇمە نامىزى ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ؛

7. جامائەت بىلەن ئوقۇلغان بولۇش. ئەگەر كىشىلەر جۇمەنى ئايرىم ـ ئايرىم ئوقۇسا، دۇرۇس بولمايدۇ.

ئىمامدىن باشقا ئۈچ كىشى بىلەن جۇمە نامىزىنىڭ جامائىتى هاسىل بولىدۇ.

جۇمە نامىزىدا يولۇچى ياكى بىمار ئىمام بولسىمۇ، ناماز ئادا بولىدۇ.

## جۇمە خۇتبىسىنىڭ سۈننەتلىرى:

1. خەتىب چوڭ ـ كىچىك تاھارەتسىزلىكتىن ۋە نىجاسەتتىن پاك بولۇشى؛

2. خەتىب ئەۋرىتىنى ياپقان بولۇشى؛

3. خەتىب خۇتبىنى باشلاشتىن بۇرۇن مۇنبەردە ئولتۇرغان بولۇشى؛

4. ئەزاننىڭ خەتىبنىڭ ئالدىدا ئوقۇلۇشى؛

5. ئۆرە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇش؛

6. خۇتبىنى ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئوقۇش بىلەن باشلاش؛

7. ئاللاھ تائالاغا لايىقدا ھەمدۇسانا ئوقۇش؛

8. خۇتبىدە ئىككى شاھادەتنى ئوقۇش؛

9. خۇتبىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ئوقۇش؛

10. خۇتبىدە كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ۋە ئاز دېگەندە بىر ئايەت بولسىمۇ ئوقۇش؛

11. ئىككى قېتىم خۇتبە ئوقۇش ۋە ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا يېنىككىنە ئولتۇرۇش؛

12. ئىككىنچى قېتىملىق خۇتبىنى ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ئوقۇش بىلەن باشلاش؛

13. ئىككىنچى قېتىملىق خۇتبىدە مۆئمىن ئەر ۋە مۆئمىن ئاياللارغا دۇئا قىلىش ۋە ئىستىغپار ئېيتىش؛

14. جامائەتنىڭ ياخشى تىڭشىيالىشى ئۈچۈن خۇتبىنى ئۈنلۈك ئوقۇش؛

15. «تىۋالى مۇپەسسەل»[59] دېگەن بىرەر سۈرە مىقدارىچىلىك دەرىجىدە خۇتبىنى يەڭگىل ئوقۇش.

### جۈمە نامىزىغا ئالاقىدار تارماق ئەھكاملار:

بىرىنچى ئەزان چىققان ھامان سودا ـ سېتىقنى تاشلاش ۋە جۈمە نامىزىغا ئالدىراش ۋاجىب.

ئىمام خۇتبىگە چىقسا، ناماز ئوقۇش ۋە گەپ سۆز قىلىش جائىز بولمايدۇ.

سالامغا جاۋاب قايتۇرۇلمايدۇ.

چۈشكۈرگەن كىشىگە نامازدىن ئوقۇلۇپ بولمىغۇچە «يەرھەمۇكەللاھ» (ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن) دېيىلمەيدۇ.

خەتىبنىڭ خۇتبىنى ئۇزارتىۋېتىشى مەكرۇھ.

خەتىبنىڭ خۇتبىنىڭ سۈننەتلىرىدىن بىرەرسىنى تەرك ئېتىشى مەكرۇھ.

(خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا) يېيىش، ئىچىش، ئوينىشىش ۋە كەلگەن كىشىگە بۇرۇلۇپ قاراش قاتارلىقلار مەكرۇھ.

خەتىب مۇنبەردە تۇرغاندا جامائەتكە سالام بەرمەيدۇ.

ئىمام تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا ياكى سەھۋەنلىك سەجدىسى قىلىۋاتقاندا بىرى كېلىپ ئىقتىدا قىلغان بولسا، جۈمەگە قاتناشقان بولىدۇ ۋە ئىككى رەكئەتنى تولۇقلاپ ئوقۇيدۇ.

ئۆزرىلىك كىشىلەر ۋە مەھبۇسلارنىڭ جۈمە كۈنى شەھەر ئىچىدە جامائەت بولۇپ پېشىن ئوقۇشى مەكرۇھ.

---

59. تىۋالى مۇپەسسەل: «ھۇجرات» سۈرىسىدىن «بۇرۇج» سۈرىسىگىچە بولغان سۈرىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

## كۆنۈكمە

**تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.**

1. سوئال: جۈمە نامىزىنىڭ پەرز بولۇش شەرتلىرى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. ئەر كىشى بولۇش (   )

B. شەھەر ياكى شەھەر ئەتراپىدا ياشىغان بولۇش (   )

C. ساغلام بولۇش (   )

D. باي بولۇش (   )

2. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى جۈمە نامىزىنىڭ شەرتلىرىدىن ئەمەس؟

A. جامائەت بىلەن ئوقۇلغان بولۇش (   )

B. ناماز ئوقۇلىدىغان ئورۇن ئومۇمغا ئېچىۋېتىلگەن بولۇش (   )

C. جۈمە نامىزىنىڭ پېشىن ۋاقتىدا ئوقۇلۇشى (   )

D. جۈمە نامىزىغا ئاياللارمۇ قاتناشقان بولۇش (   )

3. سوئال: جۈمە نامىزىنىڭ جامائىتى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. ئىمامدىن باشقا ئۈچ كىشى بولۇش كېرەك. (   )

B. يولۇچى ئىمام بولسا بولىدۇ. (   )

C. بىمار ئىمام بولسا بولىدۇ. (   )

D. ئىككى كىشى بولسىمۇ يېتەرلىك. (   )

4. سوئال: خۇتبە ئوقۇلۇۋاتقاندا تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسىنى قىلىش خاتا؟

A. پاراڭلىشىش (   )

B. خۇتبىنى تىڭشاش (   )

C. خەتىبكە قاراپ جىم ئولتۇرۇش (   )

D. تۆۋرۈككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇش (   )

5. سوئال: خۇتبە ھەققىدە توغرا بولغىنى قايسى؟

A. جامائەتكە سالام بېرىشى كېرەك. ( )

B. خۇتبىنى قىسقا ئوقۇشى كېرەك. ( )

C. خۇتبىنى ئولتۇرۇپ ئوقۇسا بولىدۇ. ( )

D. خۇتبىنى ئۈنسىز ئوقۇسا بولىدۇ. ( )

6. سوئال: جۈمە خۇتبىسى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. ئىككى قېتىم خۇتبە ئوقۇلىدۇ. ( )

B. ھەمدۇ سانا بىلەن باشلاش سۈننەت ئەمەس. ( )

C. بىرەر ئايەت بولسىمۇ ئوقۇش لازىم. ( )

D. ۋەز-نەسىھەت قىلىنىدۇ. ( )

7. سوئال: جۈمە نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتلىرىدە توغرا بولغىنى قايسى؟

A. ھەر يەردە، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئوقۇلىدۇ. ( )

B. پېشىن ۋاقتىدا ئوقۇلىدۇ. ( )

C. يالغۇز ئوقۇسا بولىدۇ. ( )

D. خۇتبىسىز ئوقۇسا بولىدۇ. ( )

8. سوئال: جۈمە نامىزىغا كىچىكىپ كەلگۈچى ھەققىدە تۆۋەندە دېيىلگەنلەردىن توغرىسى قايسى؟

A. تەشەھھۇدقا يېتىشسە جۈمەگە قاتناشمىغان بولىدۇ. ( )

B. سەجدىگە يېتىشسە جۈمەگە قاتناشقان بولىدۇ. ئىمامغا ئەگىشىپ سالام بېرىدۇ. ( )

C. تولۇق بىر رەكئەتنى تاپمىسا پېشىن ئوقۇيدۇ. ( )

D. ئىمام تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا ياكى سەھۋەنلىك سەجدىسى قىلىۋاتقاندا بىرى كېلىپ ئىقتىدا قىلغان بولسا، جۈمەگە قاتناشقان بولىدۇ ۋە ئىمام سالام بەرگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى رەكئەتنى تولۇقلاپ ئوقۇيدۇ. ( )

9. سوئال: جۈمە نامىزى پەرز بولمىغانلار ھەققىدە توغرا بولغىنى قايسى؟

A. جۈمە نامىزى پەرز بولمىغانلار پېشىن ئوقۇمايدۇ. ( )

B. جۈمە نامىزى پەرز بولمىغانلار جۈمە ئوقۇسا دۇرۇس بولمايدۇ. (   )

C. جۈمە ئوقۇغانلاردىن پېشىن نامىزى ساقىت بولىدۇ. (   )

D. جۈمە نامىزى پەرز بولمىغانلار جۈمەگە قاتناشسا گۇناھ بولىدۇ. (   )

10. سوئال: جۈمە خۇتبىسى ھەققىدە تۆۋەندىكى ئىشلاردىن قايسىسى سۈننەت ئەمەس؟

A. خەتىبنىڭ چوڭ ـ كىچىك تاھارەتسىزلىكتىن ۋە نىجاسەتتىن پاك بولۇشى (   )

B. خەتىبنىڭ خۇتبىنى باشلاشتىن بۇرۇن مۇنبەردە ئولتۇرۇپ بولغان بولۇشى (   )

C. ئەزاننىڭ خەتىبنىڭ ئالدىدا ئوقۇلۇشى (   )

D. خەتىبنىڭ خۇتبىنى ئولتۇرۇپ ئوقۇشى (   )

# ئىككى ھېيت نامىزى

## روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرى قانداق كۈن؟




ھېيت كۈنى – مۇسۇلمانلارنىڭ خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىدىغان بايرام كۈنىدۇر. بىر يىلدا ئىككى ھېيت بولۇپ، بىرى روزا ھېيت، يەنە بىرى قۇربان ھېيتتىن ئىبارەت.

روزا ھېيت ھەر يىلى رامىزان ئېيىدىن كېيىن شەۋۋال ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى بولىدىغان بايرام كۈنىدۇر، قۇربان ھېيت كۈنى بولسا، ھەر يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10 – 13 – كۈنلىرى ئارىسىدا قۇربانلىق قىلىنىش بىلەن بىرگە ئېلىپ بېرىلىدىغان خۇشاللىق ۋە تەنتەنە كۈنىدۇر.

## ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ يولغا قويۇلۇشى:

ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېيدۇ: (پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن)[60].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە مەدىنىلىكلەرنىڭ ئويۇن - تاماشا قىلىدىغان ئىككى كۈنى بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– «بۇ ئىككىسى قايسى كۈن؟» دەپ سورىدى. ئۇلار:

– بىز جاھىلىيەت دەۋرىدە بۇ ئىككى كۈندە ئويۇن - تاماشا قىلاتتۇق، دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

– «ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بۇرۇنقى ئىككى ھېيتىڭلارنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئىككى ھېيتنى ئالماشتۇرۇپ بەردى. ئۇلار قۇربانلىق كۈنى ۋە روزا ھېيت كۈنىدۇر»[61].

## ئىككى ھېيتقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئەھكاملار:

ئىككى ھېيت نامىزى ۋاجىبتۇر.

ئىككى ھېيت قىرائىتى ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەتلىك نامازدۇر.

60. «كەۋسەر» سۈرىسى، 2 - ئايەت.
61. «ئەبۇ داۋۇد»، 1134 - ھەدىس.

ئىككى ھېيت نامىزى قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.

ئادەتتىكى نامازلاردىكىگە قارىغاندا ھەر رەكئەتتە ئۈچ تەكبىر قوشۇپ ئوقۇلىدۇ.

ئۈچ تەكبىر بىرىنچى رەكئەتتە سانادىن كېيىن، ئىككىنچى رەكئەتتە رۇكۇدىن ئىلگىرى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ.

ھېيت نامىزىنىڭ خۇتبىسى نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.

## ئىككى ھېيت نامىزى كىملەرگە ۋاجىب؟

ئىككى ھېيت نامىزى جۈمە نامىزى پەرز بولغان ھەرقانداق ئادەمگە ۋاجىبتۇر. مەسىلەن، ساق، ھۆر، ئۆز يۇرتىدا تۇرۇۋاتقان، كۆزى كۆرىدىغان، بىخەتەر يول يۈرەلەيدىغان كىشىلەرگە ۋاجىبتۇر.

**ئەسكەرتىش:** ئايال كىشىگە، بىمارغا، قۇلغا، سەپەر ئۈستىدىكى كىشىگە، ئەماغا، خەۋپ ئىچىدە قالغان ئادەمگە ۋە يول يۈرەلمەيدىغانلارغا ۋاجىب بولمايدۇ. لېكىن ئۇلار جامائەت بىلەن ھېيت نامىزى ئوقۇغان بولسا، نامىزى دۇرۇس بولىدۇ.

## ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتلىرى:

1. شەھەر ۋە ئەتراپى؛
2. سۇلتان ۋە ئۇنىڭ نائىبى ياكى ئۇ رۇخسەت بەرگەن كىشى؛
3. ھەممىگە ئىچىۋېتىلگەن بولۇش؛
4. جامائەت بولۇش؛ ئىككى ھېيت نامىزىدا ئىمامدىن باشقا بىر ئادەم بولسا، جامائەت ھاسىل بولىدۇ.
5. ۋاقتىدا ئوقۇلغان بولۇش. ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ۋاقتى قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە باشلىنىپ، تىكتىن قايرىلىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

**ئەسكەرتىش:**

ئىككى ھېيت نامىزىنى خۇتبىسىز ئوقۇش دۇرۇس بولسىمۇ، مەكرۇھ بولىدۇ.

ئىككى ھېيت نامىزىدا خۇتبە نامازدىن بۇرۇن ئوقۇلسىمۇ بولىدۇ، لېكىن مەكرۇھتۇر.

## روزا ھېيت كۈنى مۇستەھەب بولىدىغان ئىشلار:

1. ئۇيقۇدىن بالدۇر ئويغىنىش؛
2. بامدات نامىزىنى مەھەللە مەسجىدىدە ئوقۇش؛
3. مىسۋاك قىلىش؛

4. غۇسۇل قىلىش؛

5. چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىش؛

6. خۇش پۇراق ئىشلىتىش؛

7. ھېيتگاھقا بېرىشتىن بۇرۇن بىرەر نەرسە يەۋېلىش؛

8. پىتىر سەدىقىسى ۋاجىب بولغان كىشى ھېيتگاھقا بېرىشتىن بۇرۇن پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىۋېتىش؛

9. قۇربى يەتسە، پىتىر سەدىقىسىنى كۆپرەك بېرىش؛

10. خۇشال كەيپىياتتا بولۇش؛

11. ھېيتگاھقا پىيادە، ئىچىدە تەكبىر ئېيتقان ھالدا، بالدۇر بېرىش ۋە ھېيتگاھقا يېتىپ بارغان ھامان تەكبىرنى توختىتىش؛

12. ھېيتگاھتىن قايتقاندا باشقا يول بىلەن قايتىش.

**ئەسكەرتىش:**

ئىككى ھېيت نامىزىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن ئۆيدە ۋە ھېيتگاھتا نەفلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھ.

ئىككى ھېيت نامىزىدىن كېيىن، ھېيتگاھتا نەفلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھ، ئەمما ئۆيدە ئوقۇش مەكرۇھ بولمايدۇ.

**ئىككى ھېيت نامىزىنى ئوقۇش ئۇسۇلى:**

ھېيت نامىزى ئوقۇماقچى بولسىڭىز، ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشنى نىيەت قىلىپ، ئىمام بىلەن بىرگە ئورنىڭىزدىن تۇرۇۋېلىپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نامازغا تەھرىم باغلاڭ، ئاندىن سانا ئوقۇڭ، ئاندىن ئىمام بىلەن بىرگە ئۈچ قېتىم «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەڭ، ھەر قېتىمدا ئىككى قولىڭىزنى قۇلىقىڭىزنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرۈڭ، ئاندىن سۈكۈتتە تۇرۇڭ. بۇ چاغدا ئىمام ئۈنسىز ھالدا «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم، بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم» دەيدۇ، ئاندىن فاتىھەنى ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ، ئاندىن ئۈنىڭغا بىر سۈرە قوشىدۇ. ئىمامنىڭ بىرىنچى رەكئەتتە «ئەئلا» سۈرىسىنى ئوقۇشى مۇستەھەب. ئاندىن ئادەتتىكى نامازلارغا ئوخشاش ئىمام قانداق رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغان بولسا، سىزمۇ شۇنداق رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىڭ. ئىمام بىلەن ئىككىنچى رەكئەتكە قىيامدا تۇرغاندا سۈكۈتتە تۇرۇڭ. بۇ چاغدا ئىمام ئۈنسىز ھالدا «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم» دەيدۇ، ئاندىن فاتىھەنى ۋە يەنە بىر سۈرىنى ئۈنلۈك قىرائەت قىلىدۇ. ئىمامنىڭ ئىككىنچى رەكئەتتە «غاشىيە» سۈرىسىنى ئوقۇشى مۇستەھەب. ئىمام قىرائەتتىن پارىغ بولۇپ، ئۈچ قېتىم «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىدۇ. سىزمۇ ئىمام بىلەن بىرگە تەكبىر ئېيتىڭ. ھەر قېتىمدا ئىككى قولىڭىزنى قۇلىقىڭىزنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرۈڭ، ئاندىن

رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىك، نامىزىڭىزنى ئادەتتىكى نامازلارغا ئوخشاش تاماملاڭ. ئىمام نامازدىن پارىغ بولغاندا، ئىككى قېتىم خۇتبە ئوقۇيدۇ، خۇتبىدە كىشىلەرگە روزا ھېيتىنىڭ ئەھكاملىرىنى تەلىم بېرىدۇ. ئىككىنچى رەكئەتتە قوشۇپ ئوقۇلىدىغان ئۈچ تەكبىرنى قىرائەتتىن ئىلگىرى ئوقۇسا، جائىز بولىدۇ، لېكىن قىرائەتتىن كېيىن ئوقۇش ئەۋزەلدۇر. ئۆزرىلىك بولسا، ھېيت نامىزىنى ئەتىسىگىچە كېچىكتۈرۈش جائىز. ئىككى ھېيت نامىزىغا ئۈلگۈرەلمىگەن كىشى قازاسىنى قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇنى جامائەتسىز ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ.

## قۇربان ھېيتقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئەھكاملار:

قۇربان ھېيتنىڭ ئەھكاملىرى روزا ھېيتنىڭ ئەھكاملىرى بىلەن ئوخشاش.

قۇربان ھېيت نامىزىمۇ روزا ھېيت نامىزىغا ئوخشاش ئوقۇلىدۇ، بىراق قۇربان ھېيتتا ناماز ئوقۇلۇپ بولمىغۇچە بىرنەرسە يېمەسلىك ياخشى.

يوللاردا ئۈنلۈك تەكبىر ئېيتىپ ماڭىدۇ.

قۇربان ھېيت خۇتبىسىدە قۇربانلىق مالغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار ۋە تەشرىق تەكبىرلىرى[62] تەلىم بېرىلىدۇ.

ئۆزرىلىك ئەھۋاللاردا قۇربان ھېيت نامىزىنى زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى(ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى)گىچە كېچىكتۈرۈشكە بولىدۇ.

مەيلى جامائەت بىلەن ياكى يالغۇز ئوقۇسۇن، يولۇچى ياكى مۇقىم تۇرغۇچى بولسۇن، سەھرالىق ياكى شەھەرلىك بولسۇن، پەرز ناماز ئوقۇغان ھەركىم ئەرەفە كۈنى يەنى زۇلھەججە ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن، ئون ئۈچىنچى كۈنى ئەسىر نامىزىغىچە ھەر پەرز نامازدىن كېيىن بىر قېتىم ئۈنلۈك ئاۋازدا تەشرىق تەكبىرى ئېيتىشى ۋاجىب.

62. ھېيت كۈنىدىن بىر كۈن بۇرۇن يەنى ئەرەفە كۈنى بامدات نامىزىدىن باشلاپ تاكى ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئەسىرگىچە ھەر پەرز نامازدىن كېيىنلا ئوقۇلىدىغان تەكبىرلەر «تەشرىق تەكبىرلىرى» دېيىلىدۇ. تەشرىق تەكبىرلىرى تۆۋەندىكىدەك ئوقۇلىدۇ: «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ۋەلىللاھىل ھەمد. ئاللاھۇ ئەكبەر كەبىيرا، ۋەلھەمدۇلىللاھى كەسىيرا، ۋە سۇبھانەللاھ بۇكرەتەن ۋە ئەسىيلا.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: ئىككى ھېيت نامىزى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. ئىككى رەكئەت ئوقۇلىدۇ. (   )

B. قىرائەت ئۈنلۈك قىلىنىدۇ. (   )

C. پېشىن ۋاقتىدا ئوقۇلىدۇ. (   )

D. ھەر رەكئەتتە ئۈچ تەكبىر قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. (   )

2. سوئال: ھېيت نامىزىنىڭ جامائىتى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. ئەڭ ئاز بەش كىشى بولۇشى كېرەك. (   )

B. ئىمامدىن باشقا بىر كىشى بولسا يېتەرلىك. (   )

C. يالغۇز ئوقۇسىمۇ دۇرۇس. (   )

D. ئەڭ ئاز ئۈچ كىشى بولۇشى كېرەك. (   )

3. سوئال: روزا ھېيتتا تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسىنى قىلىش مۇستەھەب ئەمەس؟

A. بالدۇر ئويغىنىش (   )

B. غۇسلى قىلىش (   )

C. ناشتا قىلماسلىق (   )

D. خۇش پۇراق چېچىش (   )

4. سوئال: ھېيت نامىزىدىن كېيىن تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى مەكرۇھ ئەمەس؟

A. ھېيتگاھتا نەفلە ناماز ئوقۇش (   )

B. ئۆيدە نەفلە ناماز ئوقۇش (   )

C. مەسجىدتە نەفلە ناماز ئوقۇش (   )

D. كوچىدا نەفلە ناماز ئوقۇش (   )

5. سوئال: ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ خۇتبىسى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ خۇتبىسى نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. ( )

B. ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ خۇتبىسىنى ئوقۇماسلىق دۇرۇس بولسىمۇ، ئەمما مەكرۇھ. ( )

C. ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ خۇتبىسى نامازدىن بۇرۇن ئوقۇلسىمۇ بولىدۇ، لېكىن مەكرۇھ. ( )

D. روزى ھېيتتا خۇتبە نامازدىن بۇرۇن ئوقۇلىدۇ، قۇربان ھېيتتا نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. ( )

6. سوئال: قۇربان ھېيت ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرا بولغىنى قايسى؟

A. ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن بۇرۇن ناشتا قىلىۋېلىش مۇستەھەب. ( )

B. ھېيت نامىزىدىن كېيىن ناشتا قىلىش مۇستەھەب. ( )

C. ھېيت كۈنى پېشىندىن كېيىن قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن يېيىش مۇستەھەب. ( )

D. قايسى ۋاقىتتا يېسە بولۇۋېرىدۇ، شەرىئەت بۇ توغرىسىدا بىر نەرسە دېمىگەن. ( )

7. سوئال: تەشرىق تەكبىرى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. سۈننەت نامازدىن كېيىن ئېيتىلىدۇ. ( )

B. پەرز نامازدىن كېيىن ئېيتىلىدۇ. ( )

C. ئەرەفە كۈنى ئەسىر نامىزىدىن كېيىن باشلىنىدۇ. ( )

D. ئۈنلۈك ئاۋازدا ئېيتىلىدۇ. ( )

8. سوئال: ھېيت نامىزىنىڭ ۋاقتى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. قۇياش چىققان ھامان باشلىنىدۇ. ( )

B. قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە باشلىنىدۇ. ( )

C. قۇياش تىك بولۇپ، قايرىلغاندا باشلىنىدۇ. ( )

D. بامدات نامىزىدىن بۇرۇن باشلىنىدۇ. (   )

9. سوئال: ھېيت نامىزى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. پەرز (   )

B. سۈننەت (   )

C. ۋاجىب (   )

D. مۇستەھەب (   )

10. سوئال: ھېيت نامىزى تۆۋەندىكى كىشىلەردىن كىمگە ۋاجىب بولىدۇ؟

A. يولۇۋچىغا (   )

B. ئايال كىشىگە (   )

C. بىمارغا (   )

D. ساغلام ئەر كىشىگە (   )

رۇخسەتسىز بېسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ

36- دەرس

# كۈن تۇتۇلۇش ۋە ئاي تۇتۇلۇش نامازلىرى



كۇسۇف ئاينىڭ قۇياش بىلەن يەر شارى ئارىسىدا توسالغۇ بولۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ھادىسە بولۇپ، قۇياشنىڭ نۇرسىزلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

خۇسۇف بولسا كېچىدە يەر شارىنىڭ ئاي بىلەن قۇياش ئارىسىدا توسالغۇ بولۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ھادىسە بولۇپ، ئاينىڭ تامامەن ياكى قىسمەن نۇرسىزلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ھادىسە پەقەت تولۇن ئاي كۆرۈنگەن كېچىلەردىلا يۈز بېرىدۇ.

كۇسۇف ۋە خۇسۇف نامىزى مۇئەييەن سەۋەب تۈپەيلى يولغا قويۇلغان نامازلاردىن بولۇپ، مۇسۇلمان كىشى بۇ نامازلاردا مۇسىبەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنى، يورۇقلۇقنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تىلەپ، ئاللاھ تائالاغا يېلىنىپ ئىلتىجا قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارىي ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (بىر كۈنى) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە قۇياش تۇتۇلۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رىداسىنى سۆرىگەن ھالدا چىقتى ـ دە، مەسجىدكە كەلدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. شۇ ھامان قۇياشنىڭ يۈزى ئېچىلدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: «شۈبھىسىزكى، قۇياش بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان) ئىككى ئالامەتتۇر. بۇ ئىككىسى بىراۋنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقى ياكى تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇلار بىلەن بەندىلىرىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق ئىش يۈز بەرسە، سىلەرگە يەتكەن

ئۇ ئىش (مۇستەھەب) كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر ناماز ئوقۇغانلار»[63].

قۇياش تۇتۇلغاندا جامائەت بولۇپ ئىككى رەكئەت ياكى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇش سۈننەت.

قۇياش تۇتۇلغاندا جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇش كۈچلۈك سۈننەتتۇر.

ئاي تۇتۇلغاندا جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇش سۈننەت ئەمەس، بەلكى ھەممەيلەن ئايرىم - ئايرىم ناماز ئوقۇيدۇ.

كۇسۇف نامىزىدا ئەزان، تەكبىر ۋە خۇتبە بولمايدۇ. (ئىنسانلارغا) «ئەسسالاتۇ جامىئە! (ناماز جامائەت بولۇپ ئوقۇلىدۇ!)» دەپ چاقىرىق قىلىنىدۇ.

كۇسۇف نامىزىدا ئىمامنىڭ قىرائەت، رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئۇزۇن قىلىشى سۈننەت.

ئىمام نامازدىن پارىغ بولغاندا تاكى قۇياشنىڭ يۈزى ئېچىلغانغا قەدەر دۇئا قىلىدۇ، ئىقتىدا قىلغۇچىلار ئىمامنىڭ دۇئاسىغا «ئامىن» دەيدۇ.

63. «بۇخارىي»، 1063 - ھەدىس.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: كۇسۇف نامىزى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. ئىككى رەكئەت ياكى تۆت رەكئەت ئوقۇلىدۇ. ( )

B. ئەزان ئوقۇلمايدۇ. ( )

C. خۇتبە ئوقۇلىدۇ. ( )

D. جامائەت بولۇپ ئوقۇلىدۇ. ( )

2. سوئال: خۇسۇف نامىزى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. جامائەت بولۇپ ئوقۇلىدۇ. ( )

B. ئايرىم-ئايرىم ئوقۇلىدۇ. ( )

C. تۆت رەكئەت ئوقۇلىدۇ. ( )

D. خۇتبە ئوقۇلىدۇ. ( )

3. سوئال: قۇياش ۋە ئاينىڭ تۇتۇلۇشى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلىرىدىندۇر. ( )

B. بىرەر كاتتا ئادەمنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن بولىدۇ. ( )

C. بىرەر كاتتا ئادەمنىڭ ئۆلۈمى سەۋەبىدىن بولىدۇ. ( )

D. پەقەت تەبىئەت ھادىسىسىدىن ئىبارەت. ( )

4. سوئال: كۇسۇف نامىزىدا ئىمامنىڭ تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسىنى قىلىشى توغرا؟

A. پەقەت قىرائەتنى قىسقا قىلىدۇ. ( )

B. پەقەت رۇكۇنى ئۇزۇن قىلىدۇ. ( )

C. پەقەت سەجدىنى تېز قىلىدۇ. ( )

D. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىنى ئۇزۇن قىلىدۇ. ( )

5. سوئال: قۇياش تۇتۇلغاندا تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسىنى قىلىش توغرا؟

A. ئىمامنىڭ نامازدىن پارىغ بولغاندا تاكى قۇياشنىڭ يۈزى ئېچىلغانغا قەدەر دۇئا قىلىشى ( )

B. تاكى قۇياشنىڭ يۈزى ئېچىلغانغا قەدەر ئاسمانغا قاراپ تۇرۇشى ( )

C. تاكى قۇياشنىڭ يۈزى ئېچىلغانغا قەدەر يىغلاپ تۇرۇشى ( )

D. تاكى قۇياشنىڭ يۈزى ئېچىلغانغا قەدەر ھەممەيلەننىڭ سۆكۈتتە تۇرۇشى ( )

رۇخسەتسىز بىسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ

37- دەرس

# ئىستىسقا يامغۇر تىلەش نامىزى

## ئىستىسقا نامىزىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى:

ئىستىسقا نامىزى – بەندىلەر سۇغا موھتاج بولغاندا شەھەر سىرتىغا چىقىپ، ئاللاھ تائالادىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشىنى تىلەپ ئوقۇيدىغان ئىككى رەكئەت نامازنى كۆرسىتىدۇ.




## ئىستىسقا نامىزىنىڭ دەلىلى:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىستىسقا نامىزىنى ھېيت نامىزىغا ئوخشاش ئىككى رەكئەت ئوقۇدى»[64].

## ئىستىسقا نامىزىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئەھكاملار:

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھمەھۇللاھنىڭ قارىشىدا ئىستىسقا نامىزىنى جامائەت بولۇپ ئوقۇش سۈننەت ئەمەس.

ئىمام ئەبۇ يۈسۈف ۋە ئىمام مۇھەممەد رەھمەھۇماللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام كىشىلەرگە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بېرىدۇ، قىرائەتنى ئۈنلۈك قىلىدۇ، نامازدىن كېيىن ئىككى خۇتبە ئوقۇيدۇ».

يامغۇر تىلەش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا ئارقىمۇئارقا ئۈچ كۈن چىقىش مۇستەھەب.

كىشىلەرنىڭ ئىستىسقا نامىزىغا پاكىز، ئەمما كونا ياكى ياماق سېلىنغان كىيىملەرنى كىيىپ، ئۆزىنى خار، كەمتەر، ئاللاھتىن قورققان، باشلىرىنى تۆۋەن سالغان ھالدا، پىيادە چىقىشى مۇستەھەب.

ھەر كۈنى ئىستىسقا نامىزىغا چىقىشتىن بۇرۇن سەدىقە قىلىش مۇستەھەب.

روزا تۇتۇش مۇستەھەب.

64. «تىرمىزىي»، 558 - ھەدىس.

گۇناھلارغا تەۋبە قىلىپ، كۆپرەك ئىستىغپار ئېيتىش مۇستەھەب.

چارۋا - ماللارنى، ياشانغانلارنى ۋە ئۇششاق باللارنى بىرگە ئېلىپ چىقىش مۇستەھەب.

## ئىستىسقا نامىزىدا قانداق دۇئا قىلىنىدۇ؟

«ئى ئاللاھ! بىزنى دەردىمىزگە دەرمان بولغۇچى؛ زىيانلىق ئەمەس، پايدىلىق؛ كېيىن ئەمەس، ھازىر ياغىدىغان يامغۇر بىلەن سۇغارغىن. ئى ئاللاھ! بەندىلىرىڭنى ۋە چارۋا - ماللىرىنى سۇغارغىن، رەھمىتىڭنى كەڭ يايغىن، قۇرۇپ كەتكەن بۇ دىيارنى ياشارتقىن. ئى ئاللاھ! سەن يېگانە، ھەقىقىي ئىلاھتۇرسەن، سەن ھەممىدىن بىھاجەت، بىز بولساق ساڭا موھتاجدۇرمىز. بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن، ئۇ يامغۇرنى بىزگە بىر زامانلارغىچە كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ماغدۇر قىلغىن!».

ئىمام ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ ئەنە شۇنداق دۇئا قىلىدۇ. ئىقتىدا قىلغۇچىلار قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئىمامنىڭ دۇئاسىغا «ئامىن» دەيدۇ.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: ئىستىسقا نامىزى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. تۆت رەكئەت ئوقۇلىدۇ. ( )

B. ھېيت نامىزىغا ئوخشاش ئىككى رەكئەت ئوقۇلىدۇ. ( )

C. پەرز نامازغا ئوخشاش ئوقۇلىدۇ. ( )

D. تەراۋىھقا ئوخشاش ئوقۇلىدۇ. ( )

2. سوئال: ئىستىسقا نامىزىغا چىققاندا تۆۋەندىكى ئىشلاردىن قايسىسى خاتا؟

A. پاكىز، كونا كىيىم كىيىش ( )

B. يېڭى كىيىم كىيىپ پەخىرلىنىش ( )

C. كەمتەر ھالەتتە تۇرۇش ( )

D. پىيادە مېڭىش ( )

3. سوئال: ئىستىسقا نامىزىدىن بۇرۇن تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسىنى قىلىش شەرىئەتتە كۆرسىتىلمىگەن؟

A. گۇناھلارغا تەۋبە قىلىش ( )

B. سەدىقە بېرىش ( )

C. روزا تۇتۇش ( )

D. بىر ئاز ئۇخلىۋېلىش ( )

4. سوئال: ئىمام ئەبۇ يۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا ئىستىسقا نامىزى مۇنداق ئوقۇلىدۇ:

A. ئىمام كىشىلەرگە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بېرىدۇ، قىرائەتنى ئۈنلۈك قىلىدۇ، نامازدىن كېيىن ئىككى خۇتبە ئوقۇيدۇ. ( )

B. ئىمام كىشىلەرگە تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇپ بېرىدۇ، قىرائەتنى ئۈنلۈك

قىلىدۇ، نامازدىن كېيىن ئىككى خۇتبە ئوقۇيدۇ. (   )

C. ئىمام كىشىلەرگە تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇپ بېرىدۇ، قىرائەتنى ئۈنلۈك قىلىدۇ، نامازدىن كېيىن بىر خۇتبە ئوقۇيدۇ. (   )

D. ئىمام كىشىلەرگە تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇپ بېرىدۇ، قىرائەتنى ئۈنسىز قىلىدۇ، نامازدىن كېيىن بىر خۇتبە ئوقۇيدۇ. (   )

5. سوئال: ئىستىسقا نامىزىغا چىققاندا تۆۋەندىكىلەردىن قايسىنى بىللە ئېلىپ چىقىش مۇستەھەب بولمايدۇ؟

A. كىچىك بالىلار (   )

B. ياشانغانلار (   )

C. چارۋا-ماللار (   )

D. ياش ئاياللار (   )

رۇخسەتسىز بېسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ

# سەكرات، مېيىتنى يۇيۇپ تاراش، كېپەنلەش ھەققىدە

## بىرەر مۇسۇلمان ئۆلۈپ كەتسە، قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟



بىرەر مۇسۇلمان ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ياكى باشقا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن مېيىتنى يۇيۇش، كېپەنلەش، نامىزىنى ئوقۇش، دەپنە قىلىش قاتارلىق ئاخىرەتلىك ئىشلىرى دەرھال بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك. بۇ ئىشلارنى قىلىش تىرىكلەرگە پەرز كىفايە بولۇپ، بەزى كىشىلەر قىلسا، باشقىلاردىن پەرز ساقىت بولىدۇ. ھېچكىم قىلمىسا، ھەممە كىشى گۇناھكار بولىدۇ.

## كەلىمە تەۋھىدنىڭ پەزىلىتى:

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: «ئەڭ ئاخىرقى سۆزى ‹لا إله إلا الله› يەنى‹ئاللاھتىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوق›بولغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ»[65].

## سەكراتتا چۈشكەن كىشىگە نېمىلەر قىلىنىدۇ؟

ئۆلۈمنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن كىشىنى ئوڭ يېنىچە ياتقۇزۇپ، يۈزىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ قويۇش سۈننەت.

ئىككى پۇتىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ، ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇشمۇ جائىز. بۇ چاغدا يۈزى قىبلە تەرەپكە قاراپ تۇرۇشى ئۈچۈن، بېشىنىڭ ئاستىغا بىرنەرسە قويۇپ، ئازراق كۆتۈرۈلىدۇ.

ئۆلۈمنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن كىشىگە «ئىككى شاھادەت كەلىمىسى»نى[66] تەلقىن قىلىش مۇستەھەب.

تەلقىن مۇنداق بولىدۇ: بىمارنىڭ يېنىدا ئىككى شاھادەت كەلىمىسى ئاڭلىيالىغۇدەك دەرىجىدە، ئۈنلۈك ئوقۇلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭغا: «مۇنداق دېگىن»

65. «ئەبۇ داۋۇد»، 3116 ـ ھەدىس.
66. ئىككى شاھادەت كەلىمىسى: «أشهد أن لا إله إلا الله وأشهد أن محمدا عبده ورسوله»نى كۆرسىتىدۇ.

دەپ بۇيرۇلمايدۇ. چۈنكى، بىمار «ياق» دەپ قويسا، گۇمانغا قالىدۇ[67].

ئۆلۈمنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن كىشىنىڭ يېنىغا ئائىلىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ كىرىشى مۇستەھەب؛

بىمارنىڭ يېنىدا «ياسىن» ئوقۇش مۇستەھەب.

ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «يېنىدا ياسىن ئوقۇلغان ھەرقانداق بىمار ئۇسسۇزلۇق تارتماي جان بېرىدۇ، ئۇسسۇزلۇق تارتمىغان ھالدا قەبرىگە كىرگۈزۈلىدۇ، قىيامەت كۈنى يەنە ئۇسسۇزلۇق تارتمىغان ھالدا ھەشر قىلىنىدۇ»[68].

## مېيىتقا يۇيۇلۇپ – تارىلىشتىن بۇرۇن نېمە ئىشلار قىلىنىدۇ؟

سەكراتقا چۈشكەن كىشى ئۆلۈپ كەتسە، كەڭ رەخت بىلەن ئېڭىكى تېڭىلىدۇ، بېشىنىڭ ئۈستىدىن باغلىنىدۇ، كۆزى يۇمدۇرۇلىدۇ.

مېيىتنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرغان كىشى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ ئىسمى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى بىلەن باشلايمەن. ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسان قىلغىن، كېيىنكى ئىشلىرىنى قولاي قىلغىن، جامالىڭنى كۆرسىتىپ، سائادەتمەن قىلغىن، ئاخىرەتلىكنى بۇ دۇنيالىقدىن ياخشى قىلغىن!».

مېيىتنىڭ قورسىقى بودىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۈستىگە ئېغىرراق نەرسە قويۇلىدۇ.

ئىككى قولى ئىككى يېنىدا قويۇلىدۇ.

قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ قويۇش جائىز بولمايدۇ.

مېيىت يۇيۇلۇشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ يېنىدا قىرائەت قىلغۇچىنىڭ يېقىن تۇرۇپ ئۈنلۈك قىرائەت قىلىشى مەكرۇھتۇر. يىراق تۇرۇپ ئۈنلۈك قىرائەت قىلسا، كېرەك يوق .

باشقىلارغا ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ قويۇش مۇستەھەب.

مېيىتنى ئالدىراپ تەييارلاپ، دەپنە قىلىش مۇستەھەب.

## مېيىتنى يۇيۇپ - تاراشنىڭ ھۆكمى:

مېيىتنى يۇيۇپ - تاراش تىرىكلەرگە پەرز كىفايە بولۇپ، بەزى كىشىلەر يۇيۇپ - تارىسا، باشقىلاردىن پەرز ساقىت بولىدۇ. ھېچكىم يۇيۇپ - تارىمىسا،

67. سەكراتنىڭ ئېغىرلىقىدىن «ياق» دېگەنىدەك تۇيغۇ بېرىدىغان گەپ - سۆز ياكى ئىشارەت قىلىپ قويسا گۇمانغا قالىدۇ.
68. «ئەبۇ داۋۇد»، 1206 - ھەدىس.

ھەممە كىشى گۇناھكار بولىدۇ.

قانداق شەرتلەر تېپىلغاندا مېيىتنى يۇيۇپ - تاراش پەرز بولىدۇ؟

مېيىتنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى، كاپىرنى يۇيۇپ - تاراش ۋاجىب بولمايدۇ؛

مېيىتنىڭ بەدىنىنىڭ كۆپ قىسمى ياكى بېشى بىلەن قوشۇپ يېرىم بەدىنى بار بولۇش؛

تەۋھىد كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شېھىد بولماسلىقى، چۈنكى شېھىد يۇيۇپ - تارالمايدۇ، بەلكى قېنى ۋە كىيىملىرى بىلەن دەپنە قىلىنىدۇ؛

بەدىنى تولۇق شەكىللەنمەستىن، ئۆلۈك ھالدا چۈشكەن چۈشۈك بولماسلىق.

**ئەسكەرتىش:** تىرىك تۇغۇلۇپ، ئاۋازى ئاڭلانغان ياكى بىرەر ھەرىكىتى كۆرۈلگەندىن كېيىن ئۆلۈپ قالغان بولسا، مەيلى ئاي - كۈنى توشماي تۇغۇلغان بولسۇن ياكى توشۇپ تۇغۇلغان بولسۇن، يۇيۇپ - تاراش ۋاجىب بولىدۇ. شۇنداقلا، بالىنىڭ ئەزالىرى تولۇق شەكىللەنگەن بولسا، ئۆلۈك چۈشكەن بولسىمۇ، چوقۇم يۇيۇپ - تارىلىدۇ.

**مېيىتنى يۇيۇپ - تاراش ئۇسۇلى:**

مېيىت تاق سەندەل بىلەن خۇش پۇراق ئىشلىتىلگەن كارىۋات ئۈستىگە قويۇلىدۇ ۋە كىندىكىدىن تىزىغىچە بولغان ئەۋرەت جايلىرى يۆگەلگەندىن كېيىن، كىيىملىرى سالدۇرۇلىدۇ.

نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالدۇرۇلىدۇ، ئېغىزى ۋە بۇرنىنىڭ ئىچىگە سۇ كىرگۈزۈلمەيدۇ، بەلكى سۇ بىلەن نەملەنگەن رەخت بىلەن سۈرتۈلىدۇ.

ئۈستىگە سىدر[69] ياكى ئۇشنان يوپۇرمىقى[70] بىلەن قاينىتىلغان سۇ قۇيۇلىدۇ. سىدر ياكى ئۇشنان تېپىلمىسا، ساپ سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ.

بېشى ۋە ساقىلى خىتمىي[71] ياكى سوپۇن بىلەن يۇيۇلىدۇ.

سول يېنىچە ياتقۇزۇلۇپ، ئۈستىگە سۇ تۆكۈلىدۇ، بېقىنلىرىغا سۇ يەتكۈزۈلىدۇ.

ئوڭ تەرىپىگە ياتقۇزۇلۇپ، ئۈستىگە سۇ تۆكۈلىدۇ، سۇ تەگمەسلىك ئېھتىمالى بار ھەر يەرگە سۇ يەتكۈزۈلىدۇ.

69. سىدرە دەرىخىنىڭ سوقۇلغان ياپرىقى، پاكىزلاش خۇسۇسىيىتى بولۇپ، قەدىمكى زامانلاردا مېيىتنى يۇيۇشتا ئىشلىتىلەتتى.
70. ئۇشنان: تازىلاش خۇسۇسىيىتى بار دەرەخ يوپۇرمىقى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزى ياكى كۈلى كىيىم ۋە قول يۇيۇشتا ئىشلىتىلىدۇ.
71. خىتمىي: قۇرۇق يوپۇرماقلىرىنى ئېزىپ، چاچ يۇيۇشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، پاكىزلاش خۇسۇسىيىتى بار.

يۇيۇپ - تارايدىغان كىشى مېيىتنى ئۆزىگە يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ، قورسىقىنى يېنىك سىلاپ چىقىدۇ، مېيىتنىڭ ئالدى ياكى كەينىدىن چىقىپ كەتكەن نىجاسەتلەر تازىلىنىدۇ، ئەمما قايتا يۇيۇلمايدۇ.

لۆڭگە بىلەن قۇرۇتۇلىدۇ.

ساقىلى ۋە بېشىغا ھەنۇت[72] سۈرتۈلىدۇ.

سەجدە ئەزالىرىغا كاپۇر[73] قويۇلىدۇ.

تىرنىقى ۋە چېچى كېسىلمەيدۇ.

چېچى ۋە ساقىلى تارالمايدۇ.

يۇيۇپ – تارايدىغان ئادەم تېپىلمىسا، ئايال كىشى ئېرىنى يۇيۇپ – تارايدۇ.

يۇيۇپ - تارايدىغان ئايال كىشى تېپىلمىسا، ئەر ئايالىنى قول تەگكۈزۈپ يۇيۇپ – تارىمايدۇ، بەلكى پەلەي بىلەن (قولىنى بىۋاستە تەگكۈزمەي) يۇيۇپ - تارايدۇ.

ئەر كىشىنىڭ نارەسىدە ئوغۇل ۋە نارەسىدە قىزنى يۇيۇپ - تارىشى شۇنداقلا ئايال كىشىنىڭ نارەسىدە قىز ۋە نارەسىدە ئوغۇلنى يۇيۇپ - تارىشى جائىز.

## مېيىتنى كېپەنلەشكە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار:

مېيىتنى كېپەنلەش مۇسۇلمانلارغا پەرز كىفايە.

مېيىتنى بەزى كىشىلەر كېپەنلىسە، باشقىلاردىن پەرز ساقىت بولىدۇ؛ ھېچكىم كېپەنلىمىسە، ھەممەيلەن گۇناھكار بولىدۇ.

مۇسۇلمانلاردىن پەرز كىفايە ساقىت بولىدىغان كېپەنلىكنىڭ ئەقەللىي مىقدارى مېيىتنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ياپقۇدەك رەختتۇر.

مېيىت باشقىلارنىڭ ھەققىدىن خالىي، شەخسىي مال - مۈلكىدىن كېپەنلىنىدۇ.

ئەگەر مېيىتنىڭ مېلى بولمىسا، ھايات ۋاقتىدا نەپىقىسى زىممىسىگە يۈكلەنگەن كىشىنىڭ كېپەنلىشى ۋاجىب بولىدۇ.

ئۇنداق كىشىمۇ بولمىسا، بەيتۇلمال (دۆلەت خەزىنىسى) دىن كېپەنلىنىدۇ.

ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇلمالى بولمىسا ياكى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن بېرەر نەرسە ئېلىش مۇمكىن بولمىسا، قۇربى يېتىدىغان مۇسۇلمانلار جامائىتىگە

72. ھەنۇت: بىر خىل خۇش پۇراق ئۆسۈملۈك بولۇپ، مېيىتنىڭ بەدىنىگە ۋە كېپەنلىكىگە سۈرتۈلىدۇ.
73. كافۇر: مەلۇم بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭدىن خۇش پۇراق چىقىدۇ، مېيىتنىڭ بەدىنىگە ۋە كېپەنلىكىگە سۈرتۈلىدۇ.

مېيىتنى كېپەنلەش ۋاجىب بولىدۇ.

## كېپەنلىكنىڭ تۈرلىرى:

كېپەنلىك ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. سۈننەت كېپەنلىك؛
2. كىفايە كېپەنلىك؛
3. زۆرۈر كېپەنلىك.

ئەر كىشىنىڭ سۈننەت كېپەنلىكى: ئىچ كېپەنلىك (قەمىس)[74]، ئوتتۇرا كېپەنلىك (ئىزار)[75]، تاش كېپەنلىك (لىفافە) دۇر[76].

ئەر كىشىنىڭ كىفايە كېپەنلىكى: ئىچ كېپەنلىك ۋە تاش كېپەنلىكتۇر، بۇلاردىن ئاز بولۇشى مەكرۇھتۇر.

ئەر كىشىنىڭ زۆرۈر كېپەنلىكى: چارىسىز قالغاندا ئەۋرەتنى ياپقۇچىلىك بولسىمۇ، نېمە تېپىلسا شۇدۇر.

## ئەسكەرتىش:

كېپەنلىكنىڭ ئاق رەڭلىك، پاختا رەخت بولۇشى ئەۋزەلدۇر.

ئوتتۇرا كېپەنلىك (ئىزار) باشنىڭ چوققىسىدىن تاپانغىچە بولىدۇ.

تاش كېپەنلىك (لىفافە) ئوتتۇرا كېپەنلىكتىن 46 سانتىمېتىر ئۇزۇن بولىدۇ.

ئىچ كېپەنلىك (قەمىس) بويۇندىن تاپانغىچە بولىدۇ.

ئىچ كېپەنلىكنىڭ يەڭلىرى بولمايدۇ.

## ئەر كىشىنى كېپەنلەش ئۇسۇلى:

ئاۋۋال تاش كېپەنلىك قويۇلىدۇ، ئاندىن تاش كېپەنلىك ئۈستىگە ئوتتۇرا كېپەنلىك قويۇلىدۇ، ئاندىن ئوتتۇرا كېپەنلىك ئۈستىگە ئىچ كېپەنلىك قويۇلىدۇ. ئاندىن (ئىچ كېپەنلىك ئۈستىگە) مېيىت قويۇلۇپ، ئالدى بىلەن ئىچ كېپەنلىك كىيگۈزۈلىدۇ، ئاندىن ئوتتۇرا كېپەنلىك بىلەن سول ۋە ئوڭ تەرەپتىن يۆگىلىدۇ، ئاندىن تاش كېپەنلىك سول ۋە ئوڭ تەرەپتىن يۆگىلىدۇ، ئاندىن تاش كېپەنلىكنىڭ ئىككى ئۇچى

74. قەمىس: مېيىتنىڭ گەدىنىدىن پۇتىغىچە كېلىدىغان، يەڭ، يانچۇقلىرى بولمىغان تۆپتۈز ئاق رەخت.
75. ئىزار: مېيىتنىڭ چوققىسىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە بولىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن قىسقاراق كېلىدىغان مېيىتنى ئورىيالىغۇدەك ئاق رەخت.
76. لىفافە: مېيىتنىڭ چوققىسىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە كۆڭلەك، ئىزارلىرى بىلەن قوشۇپ ئورىيالىغۇدەك، ئىزاردىن سەل ئۇزۇنراق كېلىدىغان ئاق رەخت.

چۈۋۈلـۈپ كەتمەسـلىكى ئۈچـۈن چىگىلـىدۇ.

## ئايال كىشىنىڭ كىيەنلىك تۈرلىرى:

ئايـال كىشـىنىڭ سـۈننەت كىيەنلىكـى: تـاش كىيەنلـىك، ئوتتـۇرا كىيەنلـىك، ئىـچ كىيەنلـىك، ياغلـىق[77] ۋە (ئايـال مېيىتنىـڭ كۆكرىكىدىـن تىزىغىچـە يۆگىلىدىغـان) رەخـت قاتارلىقـلاردۇر.

ئايـال كىشـىنىڭ كىفايـە كىيەنلىكـى: ئوتتـۇرا كىيەنلـىك، تـاش كىيەنلـىك ۋە ياغلىقتـۇر.

ئايـال كىشـىنىڭ زۆرۈر كىيەنلىكـى: چارىسـىز قالغانـدا يۆگەيدىغـان نىمـە تېپىلسـا، شۇدۇر.

**ئەسـكەرتىش:** رەختنىـڭ كۆكسـىدىن يوتىسـىغىچە بولغىنـى ئـەۋزەل، كۆكسـىدىن تىزىغىچـە بولۇشـىمۇ جائىـز.

### ئايال كىشىنى كىيەنلەش ئۇسۇلى:

ئـاۋۋال تـاش كىيەنلـىك يېيىلـىدۇ، ئاندىـن تـاش كىيەنلـىك ئۈسـتىگە ئوتتـۇرا كىيەنلـىك يېيىلـىدۇ، ئاندىـن ئوتتـۇرا كىيەنلـىك ئۈسـتىگە ئىـچ كىيەنلـىك يېيىلـىدۇ، ئاندىن مېيىتقـا ئىـچ كىيەنلـىك كىيگۈزۈلـىدۇ، چېچـى ئىككـى ئـۆرەم قىلىنىـپ، ئىـچ كىيەنلىك ئۈسـتىدىن كۆكسـىنىڭ ئۈسـتىگە قويۇلـىدۇ، ئاندىـن بېشـىغا ياغلـىق ئارتقۇزۇلـىدۇ، (لېكىـن) ياغلـىق ئـوراپ يۆگەلمەيـدۇ ۋە چىگىلمەيـدۇ، ئاندىـن ئوتتـۇرا كىيەنلىك سـول ۋە ئـوڭ تەرەپتىـن يۆگىلـىدۇ، ئاندىـن كۆكسـى رەخـت بىلـەن باغلىنىـدۇ، ئـەڭ ئاخىرىـدا تـاش كىيەنلـىك بىلـەن يۆگىلـىدۇ.

---

77. ياغلىق: ئايال مېيىتنىڭ يۈزى بىلەن بېشىنى يۆگىيەلەيدىغان كەڭ ۋە ئۇزۇن رەخت.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: سەكراتقا چۈشكەن كىشىنىڭ قايسى تەرىپىنى قىبلىگە قارىتىش سۈننەت؟

A. سول تەرىپىنى قىبلىگە قارىتىش سۈننەت. ( )

B. ئوڭ تەرىپىنى قىبلىگە قارىتىش سۈننەت. ( )

C. ئارقىسىنى قىبلىگە قارىتىش سۈننەت. ( )

D. ئالدىنى قىبلىگە قارىتىش سۈننەت. ( )

2. سوئال: سەكراتقا چۈشكەن كىشىگە قايسى سۆزنى تەلقىن قىلىش مۇستەھەب؟

A. ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنى ( )

B. ئەستەغپىرۇللاھ دېيىشنى ( )

C. سۇبھانەللاھ دېيىشنى ( )

D. ئەلھەمدۇلىللاھ دېيىشنى ( )

3. سوئال: سەكراتقا چۈشكەن كىشىنىڭ يېنىدا قايسى سۈرىنى ئوقۇش مۇستەھەب؟

A. سۈرە فاتىھەنى ( )

B. سۈرە بەقەرەنى ( )

C. سۈرە ياسىننى ( )

D. سۈرە ئىخلاسنى ( )

4. سوئال: مېيىت يۇيۇلۇپ-تارىلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ يېنىدا ئۈنلۈك قىرائەت قىلىشنىڭ ھۆكمى نىمە؟

A. يېقىن تۇرۇپ ئۈنلۈك قىرائەت قىلىش مۇستەھەب. ( )

B. يېقىن تۇرۇپ ئۈنلۈك قىرائەت قىلىشى مەكرۇھتۇر. يىراق تۇرۇپ ئۈنلۈك

قىرائـەت قىلسـا، كېـرەك يـوق. (   )

C. يېقىن تۇرۇپ ئۈنلۈك قىرائەت قىلىش ۋاجىب. (   )

D. يېقىن تۇرۇپ ئۈنلۈك قىرائەت قىلىش پەرز. (   )

5. سوئال: قانداق مېيىتنى يۇيۇپ-تاراش پەرز كۇپايە بولىدۇ؟

A. كاپىر مېيىتنى يۇيۇپ-تاراش پەرز كۇپايە. (   )

B. شېھىد مېيىتنى يۇيۇپ-تاراش پەرز كۇپايە. (   )

C. مۇسۇلمان مېيىتنى يۇيۇپ-تاراش پەرز كۇپايە. (   )

D. چۈشۈكنى يۇيۇپ-تاراش پەرز كۇپايە. (   )

6. سوئال: مېيىتنى يۇيۇشتا ئېغىز ۋە بۇرنىغا سۇ كىرگۈزۈش توغرىمۇ؟

A. مېيىتنىڭ ئېغىز ۋە بۇرنىغا سۇ كىرگۈزۈش مۇباھ. (   )

B. مېيىتنىڭ ئېغىز ۋە بۇرنىغا سۇ كىرگۈزۈش مۇستەھەب. (   )

C. مېيىتنىڭ ئېغىز ۋە بۇرنىغا سۇ كىرگۈزۈش توغرا ئەمەس. (   )

D. مېيىتنىڭ ئېغىز ۋە بۇرنىغا سۇ كىرگۈزۈش ۋاجىب. (   )

7. سوئال: مېيىتنى يۇيۇشتا قايسى يېرىگە ھەنۇت سۈرتۈش كېرەك؟

A. مېيىتنىڭ قولىغا ھەنۇت سۈرتۈش كېرەك. (   )

B. مېيىتنىڭ ساقىلى ۋە بېشىغا ھەنۇت سۈرتۈش كېرەك. (   )

C. مېيىتنىڭ قورسىقىغا ھەنۇت سۈرتۈش كېرەك. (   )

D. مېيىتنىڭ پۇتىغا ھەنۇت سۈرتۈش كېرەك. (   )

8. سوئال: مېيىتنىڭ سەجدە ئەزالىرىغا نېمە قويۇلىدۇ؟

A. مېيىتنىڭ سەجدە ئەزالىرىغا بىر نەرسە قويۇشنىڭ كېرىكى يوق. (   )

B. مېيىتنىڭ سەجدە ئەزالىرىغا كاپۇر قويۇلىدۇ. (   )

C. مېيىتنىڭ سەجدە ئەزالىرىغا ئەتىر چېچىلىدۇ. (   )

D. مېيىتنىڭ سەجدە ئەزالىرىغا ھەنۇت قويۇلىدۇ. (   )

9. سوئال: يۇيۇپ-تارايدىغان ئادەم تېپىلمىسا، ئايال كىشى كىمنى يۇيۇپ-تارىيالايدۇ؟

A. ئايال كىشى يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى يۇيۇپ - تارىيالايدۇ. (   )

B. ئايال كىشى دوستلىرىنى يۇيۇپ - تارىيالايدۇ. (   )

C. ئايال كىشى ئېرىنى يۇيۇپ - تارىيالايدۇ. (   )

D. ئايال كىشى قوشنىلىرىنى يۇيۇپ - تارىيالايدۇ. (   )

10. سوئال: ئەر كىشىنىڭ سۈننەت كېپەنلىكى قانچە پارچە؟

A. ئىككى پارچە (   )

B. تۆت پارچە (   )

C. ئۈچ پارچە (   )

D. بەش پارچە (   )

11. سوئال: ئەر كىشىنىڭ سۈننەت كېپەنلىكى قايسىلار؟

A. ئىزار، قەمىس، لىفافە (   )

B. ئىزار، لىفافە، ياغلىق (   )

C. قەمىس، ئىزار، ياغلىق (   )

D. لىفافە، قەمىس، ياغلىق (   )

12. سوئال: ئەر كىشىنىڭ كېپەنلىكىنىڭ رەڭگى قانداق بولسا ئەۋزەل؟

A. كېپەنلىكنىڭ قارا رەڭلىك بولۇشى ئەۋزەل. (   )

B. كېپەنلىكنىڭ سېرىق رەڭلىك بولۇشى ئەۋزەل. (   )

C. كېپەنلىكنىڭ ئاق رەڭلىك بولۇشى ئەۋزەل. (   )

D. كېپەنلىكنىڭ يېشىل رەڭلىك بولۇشى ئەۋزەل. (   )

13. سوئال: ئايال كىشىنىڭ سۈننەت كېپەنلىكىگە نېمىلەر كىرىدۇ؟

A. لىفافە، ئىزار، قەمىس، ياغلىق، رەخت (   )

B. ئىزار، لىفافە، قەمىس، ياغلىق (   )

C. لىفافە، ياغلىق، قەمىس، رەخت ( )

D. ئىزار، ياغلىق، قەمىس، رەخت ( )

14. سوئال: ئايال كىشىنى كېپەنلىگەندە چېچىنى قانداق قىلىش كېرەك؟

A. چېچىنى ئۈچ ئۆرەم قىلىپ، ئىچ كېپەنلىك ئۈستىدىن كۆكسىگە قويۇش كېرەك. ( )

B. چېچىنى تۆت ئۆرەم قىلىپ، ئىچ كېپەنلىك ئۈستىدىن كۆكسىگە قويۇش كېرەك. ( )

C. چېچىنى بىر ئۆرەم قىلىپ، ئىچ كېپەنلىك ئۈستىدىن كۆكسىگە قويۇش كېرەك. ( )

D. چېچىنى ئىككى ئۆرەم قىلىپ، ئىچ كېپەنلىك ئۈستىدىن كۆكسىگە قويۇش كېرەك. ( )

15. سوئال: ئايال كىشىنى كېپەنلەشتە ئوتتۇرا كېپەنلىك بىلەن يۆگەپ بولغاندىن كېيىن نېمە قىلىش كېرەك؟

A. كۆكسىنى رەخت بىلەن باغلاپ، ئاندىن تاش كېپەنلىك بىلەن يۆگەش كېرەك. ( )

B. كۆكسىنى رەخت بىلەن باغلاپ، ئاندىن ئىچ كېپەنلىك بىلەن يۆگەش كېرەك. ( )

C. كۆكسىنى رەخت بىلەن باغلاپ، ئاندىن ياغلىق بىلەن يۆگەش كېرەك. ( )

D. كۆكسىنى رەخت بىلەن باغلىماي، ئۇدۇل تاش كېپەنلىك بىلەن يۆگەش كېرەك. ( )

# مېيىت نامىزىنىڭ ئەھكاملىرى

## مېيىت نامىزىنى ئوقۇشنىڭ ھۆكمى:



مېيىت نامىزىنى ئوقۇش بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى – ھوشى جايىدا ھەر مۇسۇلمانغا ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاش بىلەن پەرز كىفايە بولىدۇ. يەنى مۇسۇلمانلاردىن بىرى ئوقۇسا، باشقىلاردىن پەرز ساقىت بولىدۇ؛ ھېچكىم ئوقۇمىسا، ھەممەيلەن گۇناھكار بولىدۇ. ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىمىغان كىشى گۇناھكار بولمايدۇ.

## مېيىت نامىزىنىڭ پەرزلىرى:

1. تۆت تەكبىر، ھەربىر تەكبىر بىر رەكئەتنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ؛
2. قىيام، مېيىت نامىزىنى ئۆزرىسىز ئولتۇرۇپ ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ.

## مېيىت نامىزىنىڭ شەرتلىرى:

1. مېيىتنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى، كاپىرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش دۇرۇس بولمايدۇ؛
2. مېيىتنىڭ ھەقىقىي ۋە ھۆكمەن نىجاسەتتىن پاك بولۇشى، نىجاسەتنى يۇيۇۋېتىشتىن بۇرۇن نامىزىنى ئوقۇش جائىز بولمايدۇ؛
3. مېيىتنىڭ نەق مەيداندا بولۇشى، غايىبقا مېيىت نامىزى ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ؛
4. مېيىتنىڭ ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا قويۇلغان بولۇشى، كەينىدە قويۇلغان بولسا، مېيىت نامىزى ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ؛
5. مېيىتنىڭ يەرگە قويۇلغان بولۇشى.

ئەسكەرتىش:

مېيىت كارىۋات ئۈستىگە قويۇلغان بولسىمۇ، نامىزىنى چۈشۈرۈش جائىزدۇر.

مېيىت بىرەر قاتناش ۋاستىسىگە ياكى ئۇلاغ ئۈستىگە قويۇلغان بولسا،

نامىزىنى چۈشۈرۈش جائىز بولمايدۇ.

مېيىت كىشىلەرنىڭ قولىدا ياكى مۇرىسىدە بولسا، نامىزىنى چۈشۈرۈش جائىز بولمايدۇ.

مېيىت مەلۇم ئۆزرە تۈپەيلى بىرەر قاتناش ۋاسىتىسىدە ياكى باشقىلارنىڭ قوللىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلغان بولسا، نامىزىنى چۈشۈرۈش جائىزدۇر.

**مېيىت نامىزىنىڭ سۈننەتلىرى:**

1. مېيىت ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئىمام مېيىتنىڭ كۆكرىكىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇشى؛

2. دەسلەپكى تەكبىردىن كېيىن سانا ئوقۇش؛

3. ئىككىنچى تەكبىردىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ئوقۇش؛

4. ئۈچىنچى تەكبىردىن كېيىن مېيىتقا دۇئا قىلىش.

**مېيىت نامىزىدا قىلىنىدىغان دۇئالار:**

مېيىت ئەر ياكى ئايال بولسۇن، بالاغەتكە يەتكەنلا بولسا، مۇنداق دۇئا قىلىنىدۇ: «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِحَيِّنَا وَمَيِّتِنَا، وشَاهِدنَا وَغَائِبِنَا، وَصَغِيرنَا وَكَبِيرنَا، وَذَكَرِنَا وَأُنْثَانَا، اللَّهُمَّ مَنْ أَحْيَيْتَهُ مِنَّا فَأَحْيِهِ عَلَى الإِسْلاَمِ، وَمَنْ تَوَفَّيْتَهُ مِنَّا فَتَوفَّهُ عَلَى الإِيمَانِ»[78].

ئەگەر مېيىت نارەسىدە ئوغۇل بولسا، مۇنداق دۇئا قىلىنىدۇ: «اللَّهُم اجْعَلْهُ لَنَا فَرْطًا وَاجْعَلْهُ لَنَا أَجْرًا وَذُخْرًا وَاجْعَلْهُ لَنَا شَافِعًا مُشَفَّعًا»[79].

ئەگەر مېيىت نارەسىدە قىز بولسا، مۇنداق دۇئا قىلىنىدۇ: «اللَّهُم اجْعَلْهَا لَنَا فَرْطًا وَاجْعَلْهَا لَنَا أَجْرًا وَذُخْرًا وَاجْعَلْهَا لَنَا شَافِعَةً مُشَفَّعَةً».

ئەسكەرتىش:

نامار تۆتىنچى تەكبىردىن كېيىن، سالام بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

پەقەت بىرىنچى تەكبىردىلا قول كۆتۈرۈلىدۇ.

مېيىت نامىزىغا تۇرغان جامائەتنىڭ ئۈچ، بەش، يەتتە ياكى شۇنىڭدەك تاق سەپ بولۇپ تۇرۇشى مۇستەھەب.

---

78. «ئەبۇ داۋۇد»، 3201 ـ ھەدىس.
79. «شەرھۇسسۇننە»، 5 ـ جىلد، 357 ـ بەت.

## مېيىت نامىزىغا ئالاقىدار تارماق ئەھكاملار:

مېيىتنىڭ نامىزىنى ۋەلىيسى ئوقۇغان بولسا، قايتا ئوقۇلمايدۇ.

مېيىت نامىزى ئوقۇلمايلا دەپنە قىلىۋېتىلگەن بولسا، بۇزۇلۇپ قالمىغان بولسىلا، قەبرىسىگە چىقىپ نامىزى ئوقۇلىدۇ.

ئەگەر بىرقانچە مېيىت بولسا، ھەربىرىنىڭ نامىزى ئايرىم چۈشۈرۈلگىنى ئەۋزەلدۇر. ھەممىسىنىڭ نامىزىنى بىراقلا چۈشۈرۈشمۇ جائىز.

ئىمام بىرقانچە مېيىتنىڭ نامىزىنى بىر قېتىمدىلا ئوقۇماقچى بولسا، جىنازىلار ئىمامنىڭ ئالدىدا بىر قاتار قىلىپ تىزىلىدۇ. ئاۋۋال ئەرلەرنىڭ، ئاندىن نارەسىدە ئوغۇللارنىڭ، ئاندىن ئاياللارنىڭ نامىزى ئوقۇلىدۇ.

ھايات تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئىسمى قويۇلۇپ، ئاندىن نامىزى ئوقۇلىدۇ.

ئۆلۈك تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ نامىزى ئوقۇلمايدۇ، بەلكى يۇيۇلۇپ، بىر پارچە رەختكە ئورىلىپ دەپنە قىلىنىدۇ.

جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇلىدىغان مەسجىدتە ئۆزرىسىز مېيىت نامىزى ئوقۇش مەكرۇھ، ئۆزرىلىك بولسا كېرەك يوق.

ئىمام ئىككى تەكبىر ئارىسىدا تۇرۇۋاتقاندا ئىمامغا ئىقتىدا قىلماقچى بولغان كىشى ئازراق ساقلاپ، ئىمام تەكبىر ئېيتقاندا ئىقتىدا قىلىدۇ ۋە دۇئاسىغا ئەگىشىدۇ، ئاندىن ئۆلگۈرەلمىگەن تەكبىرلەرنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.

بەزى تەكبىرلەردە ئىمامغا ئۆلگۈرەلمىگەن كىشى جىنازا كۆتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن قازاسىنى قىلىۋالىدۇ.

باشلىنىش تەكبىردىن كېيىن، ئىككىنچى تەكبىردىن بۇرۇن نامازغا كەلگەن كىشى ئىككىنچى تەكبىرنى كۈتۈپ تۇرمايلا ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ.

تۆتىنچى تەكبىردىن كېيىن، سالامدىن بۇرۇن نامازغا كەلگەن كىشى نامازغا ئۆلگۈرەلمىگەن ھېسابلىنىدۇ.

ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان كىشى يۇيۇلۇپ، نامىزى ئوقۇلىدۇ.

گۇرۇھۋازلىق قىلىپ ئۇرۇشۇپ، ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ نامىزى ئوقۇلمايدۇ.

دادىسى ياكى ئانىسىنى ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىنىڭ نامىزى ئوقۇلمايدۇ.

قاراقچى يول توسۇپ قاراقچىلىق قىلىش جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، نامىزى ئوقۇلمايدۇ.

**كۆنۈكمە**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: مېيىت نامىزىدا قىلىش خاتا بولغان ئىش قايسى؟

A. تۆت تەكبىر ئېيتىش ( )

B. ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇش ( )

C. رۇكۇ قىلىش ( )

D. مېيىتقا دۇئا قىلىش ( )

2. سوئال: تۆۋەندىكىلەرنىڭ ئىچىدە قايسىسىنىڭ نامىزى ئوقۇلىدۇ:

A. ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان كىشىنىڭ ( )

B. گۇرۇھۋازلىق قىلىپ ئۇرۇشۇپ، ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ( )

C. دادىسى ياكى ئانىسىنى ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىنىڭ ( )

D. قاراقچىلىق قىلىش جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ( )

3. سوئال: مېيىت نامىزى ھەققىدە تۆۋەندە دېيىلگەنلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. ئىمام مېيىتنىڭ كۆكرىكىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرىدۇ. ( )

B. سەپ تاق بولغىنى ياخشى. ( )

C. مەسجىدتە ئۆزرىسىز بولسىمۇ، مېيىت نامىزى ئوقۇش ئەۋزەل. ( )

D. مېيىت نامىزىنى ئۇنىڭ ۋەلىيسى ئوقۇسا قايتا ئوقۇلمايدۇ. ( )

4. سوئال: بىرقانچە مېيىت نامىزى بىر قېتىمدىلا ئوقۇلماقچى بولسا، جىنازىلار ئىمامنىڭ ئالدىدا تۆۋەندىكىدەك تەرتىپ بويىچە تىزىلىدۇ:

A. ئايال، ئەر، نارەسىدە ئوغۇل ( )

B. ئەر، نارەسىدە ئوغۇل، ئايال ( )

C. نارەسىدە ئوغۇل، ئايال، ئەر ( )

D. ئايال، نارەسىدە ئوغۇل، ئەر ( )

5. سوئال: مېيىت نامىزى باشلىنىپ بولغاندىن كېيىن كەلگەن كىشىنىڭ ھەققىدە خاتاسى قايسى؟

A. تۆتىنچى تەكبىردىن كېيىن، سالامدىن بۇرۇن نامازغا كەلگەن كىشى نامازغا ئۆلگۈرەلمىگەن ھېسابلىنىدۇ. ( )

B. بەزى تەكبىرلەردە ئىمامغا ئۆلگۈرەلمىگەن كىشى جىنازا كۆتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن قازاسىنى قىلىۋالىدۇ. ( )

C. باشلىنىش تەكبىردىن كېيىن، ئىككىنچى تەكبىردىن بۇرۇن نامازغا كەلگەن كىشى ئىككىنچى تەكبىرنى كۈتۈپ تۇرمايلا ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ. ( )

D. ئىككىنچى تەكبىردىن كېيىن قېتىلغان كىشى نامازغا ئۆلگۈرەلمىگەن ھېسابلىنىدۇ. ( )

6. سوئال: مېيىت نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن تۆۋەندە دېيىلگەنلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. مېيىت ھەققىي ۋە ھۆكمەن نىجاسەتتىن پاك بولمىسا، نامىزىنى ئوقۇش جائىز بولمايدۇ. ( )

B. مېيىت نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن مېيىتنىڭ نەق مەيداندا ھازىرلىنىشى لازىم. ( )

C. مېيىت ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا قويۇلغان بولۇشى لازىم. ( )

D. مېيىت نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن مېيىتنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى شەرت ئەمەس. ( )

7. سوئال: مېيىت نامىزىنىڭ پەرزلىرى قايسىلار؟

A. تۆت تەكبىر ۋە دۇئا ( )

B. قىيام ۋە رۇكۇ ( )

C. تۆت تەكبىر ۋە قىيام ( )

D. سانا ۋە دۇرۇت ( )

8. سوئال: نارەسىدە مېيىتقا دۇئا قىلىش ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. ئەر كىشىنىڭ دۇئاسى ئوقۇلىدۇ. ( )

B. دۇئا قىلىنمايدۇ. (   )

C. ئايرىم دۇئاسى بار. (   )

D. دۇئا قىلىش ھەققىدە دەلىل يوق. (   )

9. سوئال: مېيىتنى قويۇش ئەھۋالى ھەققىدە خاتا بولغىنى قايسى؟

A. يەرگە قويۇش (   )

B. كارىۋاتقا قويۇش (   )

C. قولدا كۆتۈرۈپ تۇرۇش (   )

D. ئۆزرە بولغاندا ھارۋا ياكى ماشىنىدا تۇرغۇزۇش (   )

10. سوئال: ئۆلۈك تۇغۇلغان بوۋاقنا نېمە قىلىنىدۇ:

A. نامىزى ئوقۇلمايدۇ. يۇيۇلۇپ، بىر پارچە رەختكە ئورىلىپ دەپنە قىلىنىدۇ. (   )

B. نامىزى ئوقۇلىدۇ، ئاندىن يۇيۇلماي دەپنە قىلىنىدۇ. (   )

C. پەقەت ئىسمى قويۇلۇپ دەپنە قىلىنىدۇ. (   )

D. نامىزى ئوقۇلىدۇ، ئەمما يۇيۇلماي كۆمۈلىدۇ. (   )

رۇخسەتسىز بېسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ

# 40-دەرس

## مېيىت نامىزى ئوقۇش ئۇسۇلى

**مېيىت نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:**

ئىمام مېيىتنىڭ كۆكرىكىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرىدۇ، جامائەت ئىمامنىڭ كەينىدە سەپ تۈزىدۇ. ئاندىن ھەر كىشى ئاللاھقا قۇلچىلىق يۈزىسىدىن مېيىت نامىزى ئوقۇشنى نىيەت قىلىدۇ. ئىقتىدا قىلغۇچى يەنە ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشنىمۇ نىيەت قىلىدۇ. ئاندىن ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، تەھرىم تەكبىرى (باشلىنىش تەكبىرى) ئېيتىدۇ ۋە سانا ئوقۇيدۇ، ئاندىن قولىنى كۆتۈرمەستىن ئىككىنچى تەكبىرنى ئېيتىدۇ ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ئوقۇيدۇ، ئاندىن يەنە قولىنى كۆتۈرمەيلا ئۈچىنچى تەكبىرنى ئېيتىدۇ ھەمدە مېيىتقا ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن يەنە قولىنى كۆتۈرمەيلا تۆتىنچى تەكبىرنى ئېيتىپ، ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئىككى قېتىم سالام بېرىدۇ.

ئىمام جىمى تەكبىرلەرنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئېيتىدۇ، تەكبىردىن باشقىلىرىنى (سانا، دۇرۇت ۋە دۇئالارنى) ئۈنسىز ئوقۇيدۇ.

ئىقتىدا قىلغۇچىلار ھەممىنى (سانا، دۇرۇت، دۇئا ۋە تەكبىرلەرنى) ئۈنسىز ئوقۇيدۇ.



## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: ئىمام مېيىت نامىزىدىكى دۇئا ۋە تەكبىرلەرنى قانداق ئوقۇيدۇ؟

A. ھەممىنى ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ. ( )

B. ھەممىنى ئۈنسىز ئوقۇيدۇ. ( )

C. پەقەت تەكبىرنى ئۈنلۈك ئېيتىدۇ. ( )

D. پەقەت دۇئانى ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ. ( )

2. سوئال: مېيىت نامىزىدا جامائەتنىڭ قانداق قىلىشى توغرا؟

A. تەكبىرنى ئۈنلۈك ئېيتىدۇ. ( )

B. ھەممىنى ئۈنسىز ئوقۇيدۇ. ( )

C. دۇئانى ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ. ( )

D. سانانى ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ. ( )

3. سوئال: ئىككىنچى تەكبىردىن كېيىن نېمە ئوقۇلىدۇ؟

A. سانا ( )

B. دۇئا ( )

C. دۇرۇت ( )

D. سۈرە ئىخلاس ( )

4. سوئال: مېيىت نامىزىدا قاچان قول كۆتۈرۈلىدۇ؟

A. ھەر تەكبىردە ( )

B. پەقەت باشلىنىش تەكبىردە ( )

C. ئىككىنچى تەكبىردە ( )

D. سالام بەرگەندە ( )

5. سوئال: نامازنىڭ ئاخىرىدا قانداق سالام بېرىلىدۇ:

A. ئوڭ تەرەپكە بىر قېتىم ( )

B. سول تەرەپكە بىر قېتىم ( )

C. ئوڭ ۋە سول ئىككى تەرەپكە ئىككى قېتىم ( )

D. سالام بېرىلمەيدۇ ( )

# جىنازىنى كۆتۈرۈش، مېيىتنى دەپنە قىلىش، قەبرىنى زىيارەت قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار

## جىنازىنى كۆتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار:

مېيىتنى قەبرىستانلىققا قەدەر كۆتۈرۈپ ئاپىرىش مۇسۇلمانلارغا پەرز كىفايە ھەم ئىبادەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر مۇسۇلمان جىنازىنى كۆتۈرۈشكە ئالدىرىشى كېرەك.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرگەن.



جىنازىنى تۆت ئادەم كۆتۈرۈشى سۈننەت.

جىنازىنى كۆتۈرگەن ھەر كىشىنىڭ 40 قەدەم مېڭىشى سۈننەت.

جىنازىنى سىلكىمەي، مېيىت مىدىرلاپ كەتمەيدىغان دەرىجىدە تېز ئىلىپ مېڭىش سۈننەت.

جىنازىنىڭ كەينىدە مېڭىش ئالدىدا ماڭغاندىن ئەۋزەل.

جىنازا يەرگە قويۇلۇشتىن بۇرۇن ئولتۇرۇش مەكرۇھ.

## دەپنىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار:

قەبرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئاز دېگەندە ئادەم بويىنىڭ يېرىمچىلىك بولۇشى سۈننەت، ئۇنىڭدىن زىيادە بولۇشى ئەۋزەلدۇر.

قەبرىدە لەھەد[80] قىلىنىشى ئەۋزەلدۇر. تۇپراق بوش بولۇپ قالمىسىلا، تىك كولانمايدۇ.

مېيىت قەبرىگە قىبلە تەرەپتىن قويۇلىدۇ.

مېيىتنى قەبرىگە قويغان كىشى: «بىسمىللاھ ۋەئەلا مىللەتى رەسۇلىللاھ»[81]

80. لەھەد: تىك كولىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئورەكنىڭ قىبلە تەرىپىگە مېيىت ئازادە پاتقۇدەك دەرىجىدە ئېچىلغان تەكچە.
81. «ئىبنى ماجە»، 1550 ـ ھەدىس.

دەيدۇ.

مېيىت قەبرىنىڭ ئىچىدە ئوڭ يېنىچە ياتقۇزۇلۇپ، قىبلە تەرەپكە قارىتىپ قويۇلىدۇ.

مېيىت قەبرىگە قويۇلغاندىن كېيىن كېپەنلىك يېشىۋېتىلىدۇ.

مېيىت ئايال كىشى بولسا، قەبرىگە قويۇلغاندا قەبرە يوپۇق بىلەن يۆگەپ تۇرۇلىدۇ، ئەر كىشى بولسا يۆگەلمەيدۇ.

مېيىت لەھەتكە ياكى كاتەككە قويۇلغاندىن كېيىن، قەبرىنىڭ ئېغىزى قىش ياكى قومۇش بىلەن ئېتىلىدۇ.

قەبرىنى گەج ۋە ياغاچ بىلەن ئېتىش مەكرۇھ؛ قىش ياكى قومۇش تېپىلمىسا، گەج ياكى ياغاچ بىلەن ئەتسىمۇ بولىدۇ.

مېيىتنىڭ دەپنىسىگە قاتناشقان ھەركىمنىڭ ئۈچ ئوچۇم توپا ئېلىپ چېچىشى، بىرىنچى قېتىمدا «منها خلقناكم» دېيىشى، ئىككىنچى قېتىمدا «وفيها نعيدكم» دېيىشى، ئۈچىنچى قېتىمدا «ومنها نخرجكم تارة أخرى» دېيىشى مۇستەھەب.

ئاندىن قەبرىنىڭ (ئېغىزى) ئېتىلگۈچە توپا سىرغىتىلىدۇ، قەبرە تۆگە لوككىسىچىلىك ئېگىز قىلىنىدۇ، تۆت چاسا قىلىنمايدۇ.

زىننەت ۋە پەخىرلىنىش ئۈچۈن قەبرە ئۈستىگە قۇرۇلۇش قىلىش ھارام. قەبرىنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈنمۇ قۇرۇلۇش قىلىش مەكرۇھ.

مېيىتنى ئۆيگە دەپنە قىلىش مەكرۇھ، چۈنكى ئۆيگە دەپنە قىلىنىش پەيغەمبەرلەرگە خاس ئىشلاردىندۇر.

زۆرۈر تېپىلغاندا بىر قەبرىگە بىردىن كۆپ مېيىتنى دەپنە قىلىش جائىز.

بىر قەبرىگە بىردىن كۆپ مېيىت دەپنە قىلىنسا، ئىككى قەبرىنىڭ ئارىسىغا تۇپراق بىلەن پاسىل قىلىش مۇستەھەب.

كېمىدە ئۆلۈپ قالغان كىشى يۇيۇلۇپ، كېپەنلىككە ئېلىنىدۇ ۋە نامىزى ئوقۇلىدۇ. قۇرۇقلۇق بەك يىراقتا بولۇپ، مېيىتنىڭ پۇراپ قېلىش خەۋپى بولسا، دېڭىزغا تاشلىۋېتىلىدۇ.

مېيىتنى ئۆلۈپ قالغان جايدا (يۇرتتا) دەپنە قىلىش مۇستەھەب.

مېيىتنى بىر - ئىككى مىلدىن[82] ئۇزاقراق جايغا يۆتكەش مەكرۇھ.

مېيىت قىبلە تەرەپكە قارىتىلماي قويۇلغان بولسا، قەبرە قايتا كولانمايدۇ.

82. بىر مىل 1855 مېترغا تەڭ.

مېيىت سول يېنىچە ياتقۇزۇلغان بولسا، قەبرە قايتا كولانمايدۇ.

ئەگەر مېيىت بىلەن پۇل - مال بىرگە دەپنە قىلىنغان بولسا، (پۇل - مالنى ئېلىۋېتىش ئۈچۈن) قەبرىنى كولاش جائىز.

## قەبرىنى زىيارەت قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار:

قەبرىنى زىيارەت قىلىش ئەرلەر ئۈچۈن مۇستەھەب. بۈگۈنكى دەۋردە ئاياللار ئۈچۈن مەكرۇھتۇر[83].

قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغاندا «ياسىن» سۈرىسى ئوقۇش مۇستەھەب.

قەبرە ئۈستىگە دەسسەش مەكرۇھ.

قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاش مەكرۇھ.

قەبرىستانلىقتىن ئوت - چۆپ ۋە دەل - دەرەخلەرنى يۇلۇش مەكرۇھ.



83. ئاياللار يىغا - زاره قىلماسلىق، ئۆلۈكلەردىن مەدەت تىلىمەسلىك ۋە ئۇلارغا دەرد تۆكمەسلىك، شەرىئەتكە مۇخالىپ كىيىملەرنى كىيمەسلىك، خۇشپۇراق ئىشلەتمەسلىك، ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرمەسلىك قاتارلىق شەرتلەرگە رىئايە قىلغان ھالدا قەبرىنى زىيارەت قىلسا بولىدۇ.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: جىنازىنى كۆتۈرۈشتە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى سۈننەت؟

A. ئىككى كىشى كۆتۈرۈش ( )

B. ناھايىتى ئاستا مېڭىش ( )

C. 40 قەدەم كۆتۈرگەندىن كېيىن ئالمىشىش ( )

D. ئالدىدا مېڭىش ( )

2. سوئال: قەبرىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىشتا تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى ئەۋزەل؟

A. ياغاچ ( )

B. گەج ( )

C. قومۇش ( )

D. تاش ( )

3. سوئال: مېيىتنى قەبرىگە قويغاندا تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسىنى قىلىش خاتا؟

A. قىبلىگە قارىتىش ( )

B. ئوڭ يېنىچە ياتقۇزۇش ( )

C. كېپەننى يېشىش ( )

D. سول يېنىچە ياتقۇزۇش ( )

4. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىبىر ئەھۋالدا قەبرىنى قايتا كولاش دۇرۇس بولىدۇ؟

A. رەڭلىك كېپەنلىك بىلەن كېپەنلەنگەن بولسا ( )

B. پۇل-مال كۆمۈلۈپ قالغاندا ( )

C. سول يېنىچە ياتقۇزۇلغاندا ( )

D. كېپەن يېشىلمىگەن بولسا ( )

5. سوئال: قەبرە ئۈستىگە قۇرۇلۇش سېلىش ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. گۈمبەز سېلىنسا بولىدۇ. ( )

B. بەلگە ئۈچۈن تاش قويۇلىدۇ. ( )

C. مەسچىت سېلىنسا بولىدۇ. ( )

D. دەرگاھ سېلىنسا بولىدۇ. ( )

6. سوئال: كېمىدە ئۆلۈپ قالغان كىشىگە مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندە دېيىلگەنلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. كېمىدە ئۆلۈپ قالغان كىشى يۇيۇلۇپ، كېپەنلىككە ئېلىنىدۇ ۋە نامىزى ئوقۇلىدۇ. قۇرۇقلۇق بەك يىراقتا بولۇپ، مېيىتنىڭ پۇراپ قېلىش خەۋپى بولسا، دېڭىزغا تاشلىۋېتىلىدۇ. ( )

B. كېمىدە ئۆلۈپ قالغان كىشى يۇيۇلماي، كېپەنلىككە ئېلىنىدۇ ۋە نامىزى ئوقۇلىدۇ. قۇرۇقلۇق بەك يىراقتا بولۇپ، مېيىتنىڭ پۇراپ قېلىش خەۋپى بولسا، دېڭىزغا تاشلىۋېتىلىدۇ. ( )

C. كېمىدە ئۆلۈپ قالغان كىشى يۇيۇلمايدۇ، كېپەنلىككە ئېلىنىدۇ لېكىن نامىزى ئوقۇلمايدۇ. قۇرۇقلۇق بەك يىراقتا بولۇپ، مېيىتنىڭ پۇراپ قېلىش خەۋپى بولسا، دېڭىزغا تاشلىۋېتىلىدۇ. ( )

D. كېمىدە ئۆلۈپ قالغان كىشى يۇيۇلۇپ، كېپەنلىككە ئېلىنىدۇ ۋە نامىزى ئوقۇلىدۇ. قۇرۇقلۇق يېقىن بولسۇن ياكى يىراق بولسۇن، دېڭىزغا تاشلىۋېتىلىدۇ. ( )

7. سوئال: بىر قەبرىگە بىر نەچچە مېيىتنى قويغاندا قانداق قىلىش كېرەك؟

A. ئارىسى ئېچىپ قالىدۇ. ( )

B. ئارىسىغا تاش قويۇلىدۇ. ( )

C. ئارىسىغا تۇپراق بىلەن پاسىل قويۇلىدۇ. ( )

D. ئارىسى ھەم قىلىنىدۇ، بوشلۇق قالمايدۇ. ( )

8. سوئال: قەبرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى قايسى؟

A. ئادەم بويىچىلىك بولۇشى پەرز. ( )

B. نورمال ئادەم بويىنىڭ يېرىمچىلىك بولۇشى سۈننەت، ئۇنىڭدىن زىيادە بولۇشى ئەۋزەلدۇر. ( )

C. يېرىم مېتىر بولسا يېتەرلىك. ( )

D. ئىككى مېتىر بولۇشى شەرت. ( )

9. سوئال: مېيىتنى يۆتكەش ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. يىراققا يۆتكەش مەكرۇھ. ( )

B. ئۈز يۇرتىغا دەپنە قىلىش ياخشى. ( )

C. باشقا يۇرتقا يۆتكەش ئەۋزەل. ( )

D. بىر-ئىككى مىلدىن يىراققا ئاپارماسلىق. ( )

10. سوئال: زۆرۈر تېپىلغاندا بىر قەبرىگە قانچە مېيىتنى دەپنە قىلىش جائىز بولىدۇ؟

A. بىر مېيىتنى ( )

B. ئىككى مېيىتنى ( )

C. ئۈچ مېيىتنى ( )

D. قانچىلىك سىغسا شۇنچىلىك ( )

11. سوئال: قەبرە زىيارىتى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. ئەرلەر ھەم ئاياللارنىڭ قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشى ھارام. ( )

B. ئەرلەرنىڭ قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشى مۇستەھەب. ( )

C. ئاياللار قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. ( )

D. ئەرلەر ۋە ئاياللار پەقەت جۈمە كۈنى بېرىش كېرەك. ( )

12. سوئال: قەبرىستانلىقتا تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسىنى قىلىش توغرا؟

A. قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاش ( )

B. قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ئوت-چۆپلەرنى يۇلۇش ( )

C. قەبرىستانلىقتا دۇئا قىلىش ( )

D. قەبرە ئۈستىگە دەسسەش ( )

رۇخسەتسىز بېسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ

## 42- دەرس

# شېھىدقا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار

### قانداق كىشى شېھىد بولغان بولىدۇ؟



شېھىد – مەيلى جەڭدە ئۆلتۈرۈلسۇن ياكى ئۆكتىچى، قاراقچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلسۇن، زۇلۇم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن مۇسۇلماننى كۆرسىتىدۇ.

### شېھىدنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە دەلىللەر:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (ئاللاھ يولىدا شېھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا، مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ). ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر. ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شېھىت بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ)[84].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «جەننەتكە كىرىدىغان شېھىدتىن باشقا بىرەر كىشى زېمىندىكى بارلىق نەرسە ئۇنىڭ بولغان تەقدىردىمۇ، دۇنياغا قايتىشنى خالىمايدۇ، پەقەت شېھىدلا ئۆزى كۆرۈۋاتقان ھۆرمەت تۈپەيلىدىن دۇنياغا قايتىپ، يەنە ئون قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ»[85].

### شېھىدنىڭ تۈرلىرى:

1. دۇنيا ۋە ئاخىرەت شېھىدى؛ بۇ مۇكەممەل شېھىدتۇر.
2. پەقەت ئاخىرەت شېھىدى؛

84. «ئالئىمران» سۈرىسى، 169 ـ 170 ـ ئايەتلەر.
85. «بۇخارىي»، 2817 ـ ھەدىس.

3. پەقەت دۇنيا شېھىدى.

1) مۇكەممەل شېھىد (دۇنيا ۋە ئاخىرەت شېھىدى): ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى مۇسۇلمان، ئەقلى - ھوشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن، جانابەتتىن پاك بولسا ۋە ياردار بولغاندىن كېيىن يېيىش، ئىچىش، ئۇيقۇ، داۋالىنىش دېگەندەك ھاياتلىق مەنپەئەتلىرىدىن بەھرىلەنمەستىن ھەمدە ئەقلى - ھوشى نورمال ھالدا، بىر نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتمەستىنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنداق كىشىدە مۇكەممەل شېھىدلىك تېپىلغان بولىدۇ.

مۇكەممەل شېھىدنىڭ ھۆكمى: يۇيۇلمايدۇ، كىيىملىرى بىلەنلا كېپەنلىنىدۇ، نامىزى ئوقۇلىدۇ، قانلىرى ۋە كىيىملىرى بىلەن دەپنە قىلىنىدۇ، زۆرۈر تېپىلسا، كىيىملىرى تولۇقلىنىدۇ ياكى كېمەيتىلىدۇ، پۈتۈن كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىش مەكرۇھ.

2) پەقەت ئاخىرەت شېھىدى: «مۇسۇلمان بولۇش» شەرتىدىن باشقا، يۇقىرىدىكى شەرتلەردىن بىرەرسىنى يوقىتىپ قويغان كىشىدۇر. ئۇنىڭغا شېھىد ھەققىدىكى ئەھكاملار يۈرگۈزۈلمەيدۇ، ئۇ پەقەت ئاخىرەتتە شېھىد ھېسابلىنىپ، شېھىتلارغا ۋەدە قىلىنغان ئەجىر - ساۋاب بېرىلىدۇ. بۇ تۈردىكى شېھىتلارنىڭ ھۆكمى شۇكى، ئۇلار يۇيۇلىدۇ، كېپەنلىككە ئېلىنىدۇ، باشقا مېيىتلارغا ئوخشاش نامىزى ئوقۇلىدۇ.

3) پەقەت دۇنيا شېھىدى: يەنى دۇنيادىلا شېھىت ھېسابلىنىدۇ. بۇ، مۇسۇلمانلار سېپىدە ئۆلتۈرۈلگەن مۇناپىق بولۇپ، يۇيۇلمايدۇ، كىيىملىرى بىلەنلا كېپەنلىنىدۇ، (بىرگە مەلۇم بولغان) ئەمەلىي ئەھۋالى نەزەردە تۇتۇلۇپ، مۇكەممەل شېھىدقا ئوخشاش نامىزى ئوقۇلىدۇ.

## كۆنۈكمە

**تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.**

1. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى مۆكەممەل شېھىدنىڭ شەرتلىرىگە كىرمەيدۇ؟

A. مۇسۇلمان بولۇش ( )

B. بالاغەتكە يەتكەن بولۇش ( )

C. كاتتا ئادەم بولۇش ( )

D. جانابەتتىن پاك بولۇش ( )

2. سوئال: مۆكەممەل شېھىدكە مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. قانلىرى بىلەن دەپنە قىلىنىدۇ ( )

B. كىيىملىرى بىلەن كۆمۈلىدۇ ( )

C. يۇيۇلمايدۇ ( )

D. نامىزى ئوقۇلمايدۇ ( )

3. سوئال: ئاخىرەت شېھىدى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. كىيىملىرى بىلەن كۆمۈلىدۇ ( )

B. باشقا مېيىتقا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ ( )

C. يۇيۇلمايدۇ ( )

D. نامىزى ئوقۇلمايدۇ ( )

4. سوئال: كىمگە «پەقەت دۇنيا شېھىدى» دېيىلىدۇ؟

A. ئەڭ ئۇلۇغ شېھىد ( )

B. مۆكەممەل شېھىد ( )

C. مۇسۇلمانلار سېپىدە ئۆلتۈرۈلگەن مۇناپىق ( )

D. ياخشى ئادەم ( )

5. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى شېھىدنىڭ تۈرلىرىدىن ئەمەس؟

A. مۇكەممەل شېھىد (دۇنيا ۋە ئاخىرەت شېھىدى) (   )

B. ئاخىرەت شېھىدى (   )

C. دۇنيا شېھىدى (   )

D. مىللەت شېھىدى (   )

6. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى شېھىدلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئەمەس؟

A. دۇنياغا قايتىپ، يەنە شېھىد قىلىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. (   )

B. خۇشاللىق ۋە رەھەت ئىچىدە بولىدۇ. (   )

C. گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. (   )

D. بىر مەزگىل ئازاب تارتىپ ئاندىن جەننەتكە كىرىدۇ. (   )

7. سوئال: جەڭدە يارىلانغان مۇسۇلمان قانداق ئەھۋالدا مۇكەممەل شېھىد ھېسابلىنىدۇ؟

A. يارىلىنىپ داۋالانغان ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا (   )

B. بىر نامازنىڭ ۋاقتىدىن كۆپ ياشاپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا (   )

C. بىر قانغىچە ئۇخلىۋالغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا (   )

D. يېيىش، ئىچىش، ئۇيقۇ، داۋالىنىش دېگەندەك ھاياتلىق مەنپەئەتلىرىدىن بەھرىلەنمەستىن ھەمدە ئەقلى - ھوشى نورمال ھالدا، بىر نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتمەستىنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا (   )

8. سوئال: شېھىدلەر ئايەتتە نېمە دەپ سۈپەتلەنگەن؟

A. ئۇلار ئۆلۈك دېيىلگەن. (   )

B. ئۇلار تىرىك دېيىلگەن. (   )

C. ئۇلار ئۇخلايدۇ دېيىلگەن. (   )

D. ئۇلار غەمكىن دېيىلگەن. (   )

9. سوئال: شېھىدنىڭ تۈرلىرى:

A. ئىككى ( )

B. تۆت ( )

C. ئۈچ ( )

D. بەش ( )

10. سوئال: شېھىد ئۆزى كۆرۈۋاتقان ھۆرمەت تۈپەيلىدىن دۇنياغا قايتىپ، يەنە قانچە قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ؟

A. 5 قېتىم ( )

B. 8 قېتىم ( )

C. 1 قېتىم ( )

D. 10 قېتىم ( )

رۇخسەتسز بېسپ تارقىتىشقا بولمايدۇ